


# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

2
1988



ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى 1987 - يىل
12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 كۈنىگىچە
بېيجىڭدا دىنىي ئەمئۇنات مۇھاكىمە يىغىنى
ئۆتكۈزدى. ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ
باش كاتىپى ئابدۇللا ئۆمەر نەسىفى
(ئوتتۇردا) يىغىن باشقۇرماقتا. جۇڭگو
ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى
بۇرھان شەھىدى (سولدىن 2 -)،
مۇدىرى شېن شياشى (ئوڭدىن 2 -)،
دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت (سولدىن 1 -)،
نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
خېي بولى (ئوڭدىن 1 -) يىغىن سەھنىسىدە.

مۇدىر شېن شياشى تەبرىك سۆزى
قىلماقتا.





يىغىن مەيداندىن كۆرۈنۈش (بۇ
سۈرەتلەرنى يۈي كەيىڭ تارتقان)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژۇرنال)

2

1988 - يىل

(ئومۇمىي 31 - سان)


## مۇندەرىجە


ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى بېيجىڭدا ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى توغرىسىدا مۇھاكىمە

يىغىنى ئاچتى ........................ ما شەنيى، يى شىن ( 3 )

مۇھەممەت ئېلى. جاڭ جيېنىڭ ھاياتى........................ ( 8 )

يولداش جاڭ جيېنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن ........................ ما چىڭنيەن ( 10 )

يولداش جاڭ جيېغا تەزىيە بىلدۈرىمىز ........................ زۇڭ چۈن ( 14 )

يولداش جاڭ جيېنى ئەسلەيمەن

جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ سابىق ئوقۇتقۇچىسى جاڭ پېيلۈن ........................ ( 18 )

ئاخىرقى نەپىسىگىچە پۈتۈن كۈچىنى ئايىماي كۈرەش قىلغان

—— مۇدىر جاڭ جيېنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە........................ ما يۇنفۇ ( 21 )

ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرىدىن قىسسىلە رەھىم ئىشلىرىغا نەزەر ........................ يىن جىگبو ( 24 )

ھىجرىيە يىلنامىسىگە دائىر تەرمىلەر ........................ سەي شىگفا ( 27 )

تاماكا چەكمەڭ ........................ ۋاڭ جۈن ( 31 )

ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا قىسقىچە خەۋەرلەر ........................ ( 32 )

كونمىڭ ئىسلام شۆيۈەنى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ........................ ما كەيىنىڭ ( 42 )

جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنىدە ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەر ۋە ۋەز ئېيتىش بويىچە مۇسابىقە

ئۆتكۈزۈلدى ........................ جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنى ( 43 )

جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسچىتلەرنىڭ ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن
قامداش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى
........ جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ( 44 )
شۇجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ليۇخې ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە خۇشۇ
مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش
جەھەتتە يېڭى يول ئاچتى ........................................ ( 46 )
ماۋېنجۇن ئاخۇنۇم مەسچىتلەرنىڭ چىقىمىنى مەسچىتلەرنىڭ كىرىمى بىلەن قامداشقا
ئەھمىيەت بەردى ........................................يۈ خۇاشۈ ( 48 )
يەركەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىمام تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى
........ قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي ئىشلار باشقارمىسىدىن ئەنۋەر تۇرسۇن ( 50 )
دېجۇدىكى سۇلۇ شەرقىي ۋاڭىنىڭ قەبرىسى..............................جاڭ ۋېنچى ( 51 )
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلار .................................. فاڭ جيەنچاڭ ( 54 )
ئۇنىڭ ئاتمىش يىلى
—— قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ تەتقىقات خادىمى، مەرىپەتپەرۋەر
دىنىي ئالىم ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم توغرىسىدا
........................................ ئۇچقۇنجان ئۆمەر، مۇتەللىپ سىدىق، ئوسمانجان ( 61 )
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بېيندى
مەسچىتى ........................................ (مۇقاۋىدا)

☆ 4-ئاينىڭ 15-كۈنى نەشرىدىن چىقتى ☆

# ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى بېيجىڭدا ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى

ماشەنيى، يى شىن

باش ئورگىنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مۇقەددەس شەھەر مەككە مۇكەررەمەدە تۇرىدىغان ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن، 1987-يىل 12-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە (ھىجرىيە بويىچە 1408-يىل 4-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە) بېيجىڭدا ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان خەلقئارا ئىسلام دىنى يىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدىغان، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كاتتا يىغىن بولدى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، پاكىستان، سۇدان، ئەنگلىيە، گانا ۋە تۈركىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئىسلام ئالىملىرى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە جۇڭگولۇق بىرقىسىم مۇسۇلمان ئالىملار قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ ۋە پايتەختتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەرەب تىلى كەسپىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئۆمەر نەسىفى رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى (جۈمە كۈنى) سائەت ئوندا بېيجىڭ شىيۈەن مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى لى جياڭمىن قىرائەت قىلدى، ئاندىن باش كاتىپ ئابدۇللا ئۆمەر نەسىفى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بۇرھان شەھىدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئىلياس. شېن شياشىلار كەينى-كەينىدىن سۆز قىلدى. باش كاتىپ نەسىفى مۇنداق دېدى: "بىز ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە جۇڭگونىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئېچىلغانلىقىدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمىز، بۇ يىغىن ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى بىلەن ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەتنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى"؛ "يىغىنغا تەييارلىق قىلىش ۋە يىغىننى ئېچىش جەريانىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى قېرىنداشلار نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئۇلارغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىدۇ." باش كاتىپ نەسىفى

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ يىغىنغا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى ھەمكارلىقنىڭ باشلىنىشى" بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختالغاندا، "ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ تۈپ مەقسىتى دۇنيا مىقياسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت" ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى دوستلۇق كۆۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىمۇ خالايدۇ، دېدى. ئۇ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنى ۋەكىل قىلغان ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ سەمىمىي سالامىنى يەتكۈزدى. پەخرىي مۇدىر بۇرھان شەھىدى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: "بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق يىغىن، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ يىغىنغا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ۋە قېرىنداشىمىز ئابدۇللا ئۆمەر نەسىفى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىنتايىن خۇشال. مەن يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ئەزىز مېھمانلارۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن"، ئۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى ۋە مۇنداق دېدى: "بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇھەببەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيانىڭ تىنچلىق ئىشلىرىنى قوغداش يولىدا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشىنى تىلەيمەن".

مۇدىر شېن شياشى تەبرىك سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئاللاغا ھەمدۇ-سانا بولسۇن! ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى توغرىسىدىكى بېيجىڭ مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن تەنتەنىلىك ئېچىلدى! كۆپچىلىكنىڭ ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگودىكى ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرى نامىدىن مۇھاكىمە يىغىنىنى تەبرىكلىدى ھەمدە يىراقتىن كەلگەن مەشھۇر ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنى شۇنىڭدەك مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى خەلقئارادا بولۇپمۇ ھەرقايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە قالتىس ئابرويغا ۋە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە دىنىي تەشكىلات؛

ئۇ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىسلام ئەقىدىسىنى تارقىتىش، ئىسلام دىنى تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىش ۋە خەلقئارا تىنچلىق-ھەمكارلىقنى قوللاش، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، دۇنيا ئەللىرىدىكى جۈملىدىن جۇڭگودىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە مەدھىيىسىگە ئېرىشتى. ئۇ 1979-يىلىدىن بۇيان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسېرى راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى ۋە باش كاتىپ ئابدۇللا ئۆمەر نەسىفنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى مەدھىيىلىدى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ ھەر يىلى ھەج قىلىشقا بارغان جۇڭگولۇق ھاجىلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىۋاتقانلىقىغا سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شېن شياشى يەنە مۇنداق دېدى: مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلىملەرنى كەڭ دائىرىدە ئالماشتۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، بۇنداق قىلىش ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەزىنىسىنى بېيىتىش، ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇدىر شېن شياشى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى، نورمال دىنىي پائالىيەتنى دۆلەتنىڭ قوغداۋاتقانلىقىنى، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ كۆڭلى يايراپ، خۇشاللىنىپ ۋە ئىلھاملىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ۋە ئىسلام ئىشلىرىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەكداشلىق قىلدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەككىگە ھەج ۋە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان جۇڭگو دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خېي بولى قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر، بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى. ئۇلار ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى يىغىنىنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، باش كاتىپ ئابدۇللا ئۆمەر نەسىفى «ئىلىم ۋە خىزمەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى» دېگەن مەۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان توغرا پوزىتسىيىسىنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرۈپ بايان قىلدى.

12-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن كېيىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى خەلق سارىيىدا باش كاتىپ نەسىفى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار بىلەن دوستانە سۆھبەتلەشتى. سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگو دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كەلدى، ھازىر تېخىمۇ ياخشى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ دېدى. باش كاتىپ نەسىفى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى چوقۇم كۈچەيتىدۇ دېدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجى باش كاتىپ نەسىفى ۋە يىغىنغا قاتناشقان مۇسۇلمان ئالىملار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

مۇھاكىمە يىغىنى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلدى. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمان ئالىملار 12-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە «ھەدىس ئۈستىدە تەتقىقات»، «قۇرئان، ھەدىس، دىن تارقاتقۇچىنىڭ قورالى، دىن تارقىتىش ئۇسۇلى»، «جۈمە كۈنىدىكى ۋەز ۋە مەسچىتنىڭ دىن تەشۋىقاتى جەھەتتىكى ۋەزىپىسى»، «ئىسلام مائارىپى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى» دېگەن تېمىلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ 20 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىنغا قاتناشقان جۇڭگولۇق ئالىملار ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىيات تارىخىنى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ شانلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگە قوشقان ئىجابىي تۆھپىسىنى تونۇشتۇردى، ئۇلار يەنە جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرنى تارقىتىش ۋە قۇرئاننى تەرجىمە قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى يىغىنغا قاتناشقان ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سۇداننىڭ ئاتاقلىق ئالىمى بابۇكىر ئابدۇللا ئىبراھىم ھاياجانلانغان ھالدا بىزگە مۇنداق دېدى: "بىز ئافرىقىلىقلار جۇڭگونى بۇرۇندىنلا بىلىمىز، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە جۇڭگو مۇقەددەس دۆلەت، مەن جۇڭگوغا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلىمەن، مەن جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسىنى كۆردۈم، جۇڭگونىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ياخشى ئىكەن، دىنىي سىياسىتىمۇ ياخشى ئىكەن." ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "ئىلگىرى مەن جۇڭگوغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان تەشۋىقاتنى ئاڭلاپ، جۇڭگودا دىن يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇ قېتىم مەن جۇڭگولۇق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەت ئىلمى جەھەتتە ناھايىتى كەڭ بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بەكمۇ خۇشال."

مۇھاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئۆمەر نەسفى ۋە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان بىر قىسىم چەت ئەللىك ئالىملار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مۇدىر شېن شياشىنىڭ ھەمرالىقىدا مەملىكىتىمىز بويىچە مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا زىيارەتتە بولۇپ، يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن، دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. مېھمانلار لەنجۇ بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئىسلام دىنى شۆيۈەنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى؛ يەنە لىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مەسچىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن كۆرۈشتى، نەنگۈەن جامەسىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. باش كاتىپ نەسفى نامازغا كەلگەن مىڭغا يېقىن مۇسۇلمانغا سۆز قىلدى، ئۇ ئالدى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە مەككىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ سەممىي سالامىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: "بۇ قېتىم جۇڭگوغا كېلىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى يولغا قويغان سىياسەتنىڭ دانالىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مەن قايتقاندىن كېيىن جۇڭگودا كۆرگەنلىرىمنى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىغا يەتكۈزىمەن." ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسى بار، ئۇنىڭ بىرى دىنىي ئىشلارنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش؛ يەنە بىرى خىزمەت ئىشلەش، يەنى جەمئىيەتكە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش. مەن جۇڭگولۇق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مۆمىن بەندە بولۇش بىلەنلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياخشى پۇقرا بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمەن."

12-ئاينىڭ 9-كۈنى باش كاتىپ ئابدۇللا ئۆمەر نەسفى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، شۇ كۈنى كەچتە يىغىننىڭ يېپىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە رىياسەتچىلىك قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئۇ گوۋيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجىغا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ بېيجىڭ ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا سەممىي كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

# مۇھەممەت ئىلى. جاڭ جيېنىڭ ھاياتى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى مۇھەممەت ئىلى. جاڭ جيېي 1917- يىلى 11- ئاينىڭ 2- كۈنى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ساڭشيەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇپ، 18 ياشقا كىرگەندە ساڭشيەن مەسچىتىدە قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھەدىن بىلىم ئالغان. 1937- يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى بىلەن مۇقەددەس جاي يەنئەنگە بېرىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. 1938- يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۈيجۇڭ، خۇيشيەن ناھىيىلىرىدە شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلار مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى تەشكىللەپ، مىللەتنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغانلىقى ئۈچۈن، 1941- يىلى يەنئەن مەسچىتىگە نائىپ ئىماملىققا تەكلىپ قىلىنغان ھەمدە شەنشى- گەنسۇ- نىڭشيا چېگرا رايونلۇق خۇيزۇلار ۋەتەنني قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇ شەندۇڭ- چاخار- خېبېي چېگرا رايونلۇق مۇسۇلمانلار بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياكۇ، پىڭشەن ناھىيىسى، شىجياجۇاڭ شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپ، ئازاد رايوندىكى خەلق ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

بېيپىڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭ سىپەن داشۆ قارىمىغىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى غەربىي شىمالغا بېرىپ، غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

1952- يىلى مۇھەممەت ئىلى. جاڭ جيېي بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، ئىلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى داڭلىق زاتلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشلىرىغا ئىنناشقان. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ بۈگۈنگىچە بولغان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ باش كاتىپ، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر، مەسلىھەتچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ھەمدە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى

بولغان. ئۇزاقتىن بۇيان ئىسلام دىنى خىزمىتىنى جان-دىلى بىلەن ئىشلەپ كەلگەن. ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىسلام دىنى خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرغان، مەملىكەت ئىچىدە، ھەر مىللەتتىن بولغان دىنىي زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار بىلەن سەمىمىي، قىزغىن ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەملىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن پائال شۇغۇللانغان؛ جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن بىر تۈركۈم دىنىي ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرگەن؛ 50-يىللاردا ئىسلام جەمئىيىتىمىزنىڭ ژۇرنىلى — «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا قاتنىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن دوستانە ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ قېتىم ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلغان؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن كۆپ قېتىم جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىگە زىيارەتكە بېرىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ماختاشقا سازاۋەر بولغان. ئۇ جۇڭگو-پاكىستان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو-مىسىر دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو-ئافرىقا دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى بولغان.

مۇھەممەت ئېلى. جاڭ جيې 3-، 4-، 5-، 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ھەمدە 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان، 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ ھەرىكەت قىلىشى ئەپسىز بولۇپ قالغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ھەر يىلى غەربىي شىمال رايونىغا ۋە مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا رايونلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىننى، تىنچلىقنى سۆيىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى قايتا-قايتا تەشۋىق قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، مۇسۇلمانلارغا جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشۇشنى سەمىمىي تاپىلىغان.

يولداش جاڭ جيې ئوچۇق-يورۇق ئىش قىلىش، ئىستىلدا توغرا بولۇش، پوزىتسىيىسى ئېنىق بولۇش، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇش، ساپ دىل بولۇش، پاك-ئادىل بولۇش، كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇشتەك پەزىلەتكە ئىگە بولغاچقا، كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ھىمايىسى ھەم ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

# يولداش جاڭ جىيېنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن

## ما چىڭنىيەن*

مەن 1987 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خىزمەت بىلەن كوماندىروپكىغا چىقىپ نەنجىڭگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، ئىدارىدىن ئەۋەتىلگەن: يولداش جاڭ جيې كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئالتىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە بېيجىڭدا ۋاپات بولدى، دېگەن سۆزلەر يېزىلغان تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. تېلېگراممىغا قاراپلا قاتتىق قايغۇ ۋە ھەسرەتكە چۆكتۈم.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا، يولداش جاڭ جيې كېسىلى سەللىمازا ساقايماي تۇرۇپلا، دوختۇرخانىدىن چىقىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىغا قاتنىشىپ، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە ئىزچىل قاتناشقانىدى. يىغىن مەزگىلىدە ئۇ كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، يەنە دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتكەنىدى. مەن ۋەكىللەر بىلەن ئۇنى يوقلاپ بارغىنىدا، دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ تۇراقلىشىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، كۆپ دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ۋە ئەمدى يىغىنغا قاتنىشىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمما ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تىرىشىمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان مەزگىلدىمۇ يەنىلا خەلق ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئويلىغان! مەن يولداش جاڭ جيېنىڭ قەدىناس دوستى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭدىن بېجىرىپ بېرىشكە تېگىشلىك قانداق ئىشلار بارلىقىنى سورىسام، ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا سەممىي ھالدا: "يىغىن ئالدىراش، شەخسىي ئىشنىڭ كارى چاغلىق، خىزمەت مۇھىم، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، تەشكىل مەندىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، ھەممە ئىشتا تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىمەن" دېگەنىدى. يولداش جاڭ جيې بىلەن بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىش بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم!

"شەخسىي ئىشنىڭ كارى چاغلىق، خىزمەت مۇھىم، مەندىن ئەنسىرىمەڭ" دېگەن بۇ سۆزلەر ئاددىي بولغىنى بىلەن نەقەدەر ئالىيجاناب خىسلەت بىلەن تولغان ـ ھە! يولداش جاڭ جيېنىڭ ھاياتىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ۋەتەنگە ۋە خەلققە بېغىشلىدى.

يولداش جاڭ جيې ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان. ئۇ بۇرۇنلا ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغان. 1937 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى مۇقەددەس جاي —

---

* يولداش ما چىڭنىيەن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى.

يەنئەنگە بېرىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي
ئىشلار ۋە ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن پائال
شۇغۇللانغان. 1938 - يىلى، ئۇ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، غەربىي شىمالدىكى گەنسۇ ئۆلكى-
سىنىڭ خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يۈيجۇڭ ۋە خۇيشيەن قاتارلىق ناھىيىلىرىگە بېرىپ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، يەرلىك مۇسۇلمانلار
بىلەن بىرلىكتە خۇيزۇلار مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ
ئويغىنىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ كۆرۈنەرلىك خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن
كەڭ خۇيزۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1941 - يىلى تەكلىپكە بىنائەن يەنئەن
مەسچىتىنىڭ نائىپ ئىمامى بولغان ھەمدە شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونلۇق خۇيزۇلار ۋەتەن
قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى بولغان. ئۇ چاغدا مەن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا
رايونى خۇيزۇلار مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيتتىم.
مەن يولداش جاڭ جيې بىلەن ئەنە شۇ چاغدا تونۇشقان.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىمىزگە غالجىرانە تاجاۋۇز قىلىش بىلەن بىرگە، ئېلىمىزدىكى ھەر-
قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ھە دەپ بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى
ئېلىپ باردى، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە چېگرا رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپى بويىچە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلە-
شىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش ۋە
توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپىنى راۋاجلاندۇرۇش،
پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ياپون جاھانگىر تاجاۋۇز-
چىلىرىغا زەربە بېرىش باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيىتى
ۋە رولى بار ئىدى. چېگرا رايوندىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئاساسەن خۇيزۇلار ئىدى.
يولداش جاڭ جيې مىللىي ۋە دىنىي ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشتا، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ھەر ۋاقىت ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ۋە مىللىي، دىنىي سىياسەت-
لىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، دىنىي پائالىيەت بىلەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈپ، يەنئەننىڭ مۇسۇلمانلار خىزمىتى بىلەن ئىسلام دىنىي پائالىيەت-
لىرىنى ئوبدان يولغا قويدى. ئۇ ئەينى چاغدا ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋات-
قان بەزى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنئەن خۇيزۇلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ
يىغىنىدا ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى ئاساس
قىلىشنىڭ داۋلىسىنى دائىم سۆزلەپ، ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ دوستانە ئۆتۈپ، "ھەرقايسى
مەزھەپلەر ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىشى، بىر - بىرىگە ئارىلاشماسلىقى، بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى" كېرەك دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىتتىد-
پاقلىقنى چىڭىتىشتا ئوبدان رول ئوينىدى. يولداش جاڭ جيې ئىمام ۋە ئاخۇنۇملار بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن كەمتەر ئىدى، باشقىلارغا ھۆرمەت قىلاتتى ۋە كۆيۈنەتتى، قىزغىن، سەممىي

مۇئامىلە قىلاتتى. يەنئەن مەسچىتىنىڭ دەسلەپكى ئىمامى 60 نەچچە ياشقا كىرگەن بىر پېشقەدەم ئاخۇنۇم بولۇپ، ياش جەھەتتە يولداش جاڭ جىيېدىن كۆپ پەرقلەنسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بەك يېقىن ئۆتەتتى، كېيىن بۇ مەسچىتكە يېڭىدىن بىر ئىمام ئالمىشىپ كەلدى، ئۇ ئىمام بۇ مەسچىتنى كىچىك كۆرۈپ، ئانچە ياراتماي، تازا تۇرغۇسى كەلمەي قالغانىدى. يولداش جاڭ جىيې ئۇنىڭ بىلەن سەۋرچانلىق بىلەن سىرداشتى، نەتىجىدە بۇ ئىمام زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. يولداش جاڭ جىيېنىڭ تىرىششى ئارقىسىدا، چېگرا رايونلۇق خۇيزۇلار ۋە تەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى بىلەن يەنئەن مەسچىتى ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، غەربىي شىمالدىكى كەڭ رايونلاردىكى خۇيزۇ خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. بىر كۈنى يەنئەندە سەنچاجېن بازىرىدىكى ما جىنفۇ دېگەن بىر خۇيزۇ بوۋاي ماڭا: "يەنئەندە ياخشى سىياسەت ۋە خۇيزۇلار مەكتىپى بار، يەنە بىر بەلەن خۇيزۇلار جەمئىيىتى ۋە ياخشى مەسچىت بار" دېگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، يولداش جاڭ جىيې ئۇزاق مۇددەت ئىسلام دىنى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام شۆبىۋىنىنى قۇرۇشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلدى ۋە بۇ ئىشقا ئاكتىپ قاتناشتى ھەمدە ئىزچىل تۈردە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلدى، شۇنىڭدەك جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج- تاۋاپ ئۆمىكىنى باشلاپ كۆپ قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج- تاۋاپ قىلدى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىگە زىيارەتكە باردى، شۇنىڭدەك جۇڭگو- پاكىستان، جۇڭگو- مىسىر ۋە جۇڭگو- ئافرىقا دوستلۇق جەمئىيىتى قاتارلىق دوستلۇق جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىدى. نەچچە ئون يىلدىن بېرى، يولداش جاڭ جىيې ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا، مىللىي، دىنىي سىياسەتلەرنى توغرا ئىزچىل- لاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئىختىساسلىق خادىم- لارنى يېتىشتۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇش ۋە ئېلىمىز بىلەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ دوستانە باردى- كەلدى ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى يارىتىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ۋە دىنىي زاتلار- نىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

يولداش جاڭ جىيې دىنىي خىزمەتنى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپلا قالماي، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ بارلىق كۈچ- قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئۇ يەنئەن مىللەتلەر شۆبىۋىنىدە سىنىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇ غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەندە، دائىم ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. 1983- يىلى يولداش جاڭ

جيې نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا 6 ـ نۆۋەت-لىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، سالامەتلىكى ناچار، ھەرىكىتى قولايسىز بولۇش، سۆز قىلىشتا قىيىنلىشتەك قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نىڭشىيا خەلقى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ كەلدى، كۆپ قېتىم نىڭشىياغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شەھەر ـ يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچرىشىپ، ئەھۋال ئىگەللەپ، پىكىر ئېلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات يېزىپ، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان نىڭشىيادا بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىنكاس قىلىپ تۇردى ھەمدە مىللىي رايون-لارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ۋە بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇردى. ھەتتا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا نىڭشىيا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشقاندىمۇ نىڭشىيادىكى مىللىي رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ئۈستىدە بىز بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشتى. يولداش جاڭ جىيې مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئەنە شۇنداق ھەر ۋاقىت كۆڭلىگە پۈكەتتى.

يولداش جاڭ جىيې قەيسەر، قىزغىن ئىدى، ھەققەت ۋە ئادالەتكە بولغان ئېتىقادى قەتئىي ئىدى، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش روھىغا باي ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە ئوچۇق ـ يورۇق، تۈز كۆڭۈل ئىدى، ئىستىلى دۇرۇس، پاك ـ ئادىل ئىدى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى. چوڭ چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە ئوچۇق پوزىتسىيىدە بولاتتى، رەزىل كۈچلەرگە ھېچقاچان باش ئەگمەيتتى؛ خىزمەت جەريانىدىكى باشقىچە پىكىرلەرگە نىسبەتەن، ئۇ ھامان ئومۇمىيلىقنى كۆزد تۇتۇپ، تولۇق كېڭىشىش بىلەن ئىش كۆرەتتى، ئۆز پىكىرىنى باشقىلارغا تاڭمايتتى؛ يولداشلا بىلەن چىقىشىپ ئىناق ئۆتەتتى، يولداشلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، ئەزەلدىن شەخسىي پايدا ـ زىيان ۋە شەخسنىڭ ئىلتىپاتى ـ ئاداۋىتى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. "مەدە-نىيەت زور ئىنقىلابى" مەزگىلىدە، يولداش جاڭ جىيې قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، زىيانكەش-لىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، خەۋپكە ئۇچراشقا قارىماي، پېشقەدەم يولداشلارغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بەزى پېشقەدەم يولداشلارنىڭ مەسىلە ئىنكاس قىلىپ يازغان ماتېرىياللىرىنى تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى پېشقەدەم رەھبەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. ئۇ ئۆتكەن ـ كەتكەن بىرمۇنچە پېشقەدەم يولداشلارنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بېقىپ، ئۇلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى، ئۇ كەلگەن يولداشلارغا ۋە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە، مېنىڭ ئۆيۈم يولداشلارنىڭ ئۆيى، قاچانلا كەلسە، قانچە ئۇزاق تۇرسا بولىۋېرىدۇ، دەيتتى. بۇنداق قىلىش شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە نېمە دېگەن قىممەتلىك ئىدى ـ ھە!

يولداش جاڭ جىيې ئېلىمىزدىكى خۇيزۇ مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى ئاخىرقى نەپىسىگىچە بېغىشلاش روھى، ئومۇمنى دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

# يولداش جاڭ جيېغا تەزىيە بىلدۈرىمىز

زۇڭ چۈن*

يولداش جاڭ جيې 1987 ـ يىل 10 ـ ئايدا بىزدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن مەن ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىي بىر كونا سەپداشتىن ۋە پېشقەدەم يولداشتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى ئېچىنغان ھالدا ھېس قىلدىم. بىز بىللە بولغان ۋاقىت ئۇزۇنراق بولغاچقا، بارغانسېرى قايغۇردۇم ۋە ئېچىندىم. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىسەم، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ئۇ غەربىي شىمال ۋە شىمالىي جۇڭگودا نۇرغۇن يىللار مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ باشقىلارغا زېرىكمەي ئۆگەتىدىغان روھى بىلەن زور بىر تۈركۈم ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلىگەن، ھازىر ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ھەرقايسى سەپلەردە خىزمەت قىلماقتا، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتقان. يولداش جاڭ جيې تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى يۇقىرىقى جايلاردا ئۇزاق مۇددەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئامان ساقلاپ قېلىش، دېموكراتىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىگە سەرپ قىلغان. ئۇ ئاكتىپلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن مىللىي ۋە دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئىتتىپاقلىشىش جەھەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي، غەربىي شىمالنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلىرىدىكى چەت ـ ياقا جايلارغا بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان، شەرھلىگەن ھەمدە ھەرقايسى ساھەدىكى كەڭ ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغان. ئۇ بوشاشماي، كۆپ تەرەپتىن ئىزدىنىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئۇتۇقمۇ ئېرىشكەن.

يولداش جاڭ جيې كىچىكىدىن تارتىپلا ئىسلام دىنى تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە مەسچىتتە دىنىي كىتابلارنى ئوقۇغان، دىنىي قائىدىلەرنى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى پىششىق ئىگەللىگەن، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنى ئەھۋالى بىلەن تونۇشاتتى، شۇنداقلا شۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەنمۇ تونۇشاتتى. ئۇ نۇرغۇن مۇشۇنداق پايدىلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن، ئازادلىقتىن بۇرۇن خەلققە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، بىر قەدەر پايدىلىق شارائىت ئاستىدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە خىزمەتنى قانات يايدۇرغان. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان ھەمدە خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىللەردە، مەملىكىتىمىز ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى، مەسىلەن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسە-

---

* يولداش زۇڭ چۈن مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، ھازىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشتا چىققان.

تىنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي خىزمەت ئىشلەيدىغان كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشكىللەش، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ سىرتىغا قارىتامۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، بولۇپمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ مۇناسىۋەت ۋە ئالاقە باغلىغان. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ كېسەل بولغاندىن بۇيانمۇ كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە چىقىپ، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن دىنىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئېلىپ بارغان. ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارغا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى ۋە تاشقى سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈش، ھەرقايسى ئەللەر بىلەن مەملىكىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشقان.

ھازىر بۇلارنى ئەسلەيدىغان بولساق، بىز ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز ۋە ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز قايغۇمىزنى بىلدۈرىمىز، بۇنداق ھېسسىياتنى تىنچلاندۇرۇش تەس. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھاياتى ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان، يورۇقلۇققا ئىنتىلىدىغان ھايات ئىدى؛ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغان، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ھايات ئىدى؛ زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ھايات ئىدى؛ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھايات ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىزچىل تۈردە ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. مەيلى غەربىي شىمالدا ياكى شىمالىي جۇڭگودا بولسۇن، ھەرقايسى جايلاردىكى كەڭ ئاممىنى ئويغىتىپ، مىللەتنى ئازادلىققا ۋە خەلقنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ ھارماي-تالماي تىرىشىپ، يۇرتىنى ۋە ۋەتەننى قوغداش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ ئالىي غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پائال تۈردە ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلغان. ئۇ ئادالەتنى قوۋۋەتلەيدىغان، قىزغىن تۈردە ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ بۇ يولدا ھېچنىمىسنى ئايىماي، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارغا بېرىپ ھەقىقەت ۋە يورۇقلۇق ئىزدىگەن. ئۇ ماددىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار ۋە ناھايىتى مۇشەققەتلىك ئەھۋالدا ياشىغان بولسىمۇ، جاپا-مۇشەققەتكە زادىلا باش ئەگمىگەن. خىزمەت ياكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بولسۇن، ئۇ ھەمىشە روھلۇق ۋە خۇشال يۈرەتتى. ئاشۇنداق قىيىن شارائىتتىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ قاپىقى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئەمەس، ئۇ ھەمىشە كۈلۈپلا يۈرەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئۈمىتۋارلىق روھىغا باي ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن كۈچلۈك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغان روھىمۇ مەندە خېلى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. خىزمەتتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇ ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرىدىغان ۋە قۇرۇق پاراڭ سالىدىغان ئىشلارنى

قىلماي، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش قىلاتتى، ئۆزىنىڭ تونۇشى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلارنى، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋە ۋەتەننى ھەم خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى ئۆگىنەتتى. بۇنداق گەۋدىلىك ھەم ئىنتايىن قىممەتلىك روھ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن ئاساس سېلىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن.

بىز بۈگۈن ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇش، جاپا-مۇشەققەت ۋە تاپا-تەنىلەرگە قارىماي ئىشلەش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشتەك ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. يولداش جاڭ جىيې ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت داۋامىدا بىزگە قالدۇرغان يەنە بىر ئۇنتۇلماس تەسىرات ئۇنىڭ كەمتەر-ئېھتىياتچانلىقىدۇر. مەيلى ئادەمگە ياكى ئىشقا مۇئامىلە قىلىشتا بولسۇن، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى كەمتەر ۋە كەڭ قورساق تۇتاتتى، ئاداۋەت ساقلىمايتتى، تۈرلۈك پىكىرلەرنى، توغرا بولسىلا، ئاڭلايتتى. ئۆزىدە كەمچىلىك ۋە خاتالىق بولسا تۈزىتەتتى، ھېچقاچان بىلەرمەنلىك قىلمايتتى، مەغرۇرلىنىپ كەتمەيتتى. خىزمەتتە قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسا، زادى قاخشىماي، مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىپمۇ قويماي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالاتتى، خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. بۇ-ئۇنىڭ ئېسىل ئىدىيە-ئىستىلى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بولۇپمۇ قەتئىيلىك ۋە كەسكىنلىك بىلەن ئىجرا قىلاتتى. مەسىلەن، مىللىي سىياسەت بىلەن دىنىي سىياسەتنى ئۇ بار كۈچى بىلەن ئەستايىدىل ئىجرا قىلاتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللىي سىياسەت بىلەن دىنىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىققانىدى، 1938-يىل 11-ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا: "جۇڭخۇا مىللەتلىرى (خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، مياۋزۇ، ياۋزۇ، يىزۇ قاتارلىق مىللەتلەر) نى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مۇنقەرزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىللە قارشى تۇرۇش" ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1941-يىلى 5-ئايدا «شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى»دا: "مىللەتلەر باراۋەر بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، موڭغۇل، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ خەنزۇ مىللىتى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باراۋەر ھوقۇقتا ئىگە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، موڭغۇل ۋە خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇش، موڭغۇل ۋە خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش" بەلگىلەنگەنىدى. يولداش جاڭ جىيې يۇقىرىدىكى فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرگە قەتئىي ئىشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىجرا قىلغان. ئۇ ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا ئىزچىل تۈردە مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئارىغا قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ كەتكەن. ئۇ دىنىي پائالىيەتلەرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، تايانچ بازىلاردىكى چاغلاردا ھەر جۈمە كۈنىدە ياكى ھېيت كۈنلىرىدە مەسچىتكە بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان نامازنى

جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇيتتى. ئۇ يەنە چېگرا رايون مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى قوغداش ئۆيۈشمىسى ۋە مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىغا ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئاممىۋى مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چېگرا رايوندا خۇيزۇلار ئاپتونومىيىسىنى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان، بۇلار ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ قاگجىن ۋە سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىز بۈگۈن ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلماي، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، خىزمەتنى ئاكتىپلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن مەسئۇل بولۇپ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان پوزىتسىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. يولداش جاڭ جيې مەيلى قەيەردە ئىشلىسۇن ۋە قانداق خىزمەت قىلسۇن، ھەمىشە خىزمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى تىلغا ئالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنى بىلەن ھېسابلاشماي، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئىشلەيتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن بىرنەچچە باسقۇچلۇق خىزمەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشى ئۈچۈن ھېچقانداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمىغان. بۇنداق ئالىيجاناپ ۋە گۈزەل پەزىلەت كىشىلەرنىڭ مەدھىيە ۋە ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇ تۈرلۈك خىزمەت ئورنىدا خىزمەتنى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇنى ئوقۇتۇش خىزمىتىدىمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ دەرسنى ئاۋۋال ئوبدان تەييارلىق قىلاتتى، دەرسنى سەۋرچانلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن سۆزلەيتتى، تاكى ئوقۇغۇچىلار چۈشىنىۋالغىچە زېرىكمەستىن چۈشەندۈرەتتى. ئۇ ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە كادىرلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىنتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش روھى بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ھەم ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن زور بىرتۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى داۋامىدا شۇنىڭدەك دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە خېلى زور رول ئوينىغان.

بىز بۈگۈن ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ سەممىي-ئاقكۆڭۈل، كەڭ قورساق، يېقىملىق ۋە چىقىشقاق بولۇش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك ئېسىل ئىستىلىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. يولداش جاڭ جيې سەممىي، ئاقكۆڭۈل كەڭ قورساق ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە ئوچۇق-يورۇق مۇئامىلە قىلاتتى، پىكرى بولسا ئالدىدا دەيتتى، نېمە بولسا شۇنى دەيتتى. مىكى-مىكى دەپ دۇدۇقلاپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ ئادەمگە ئىشقا مۇئامىلە قىلىشتا شەخسنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئاداۋىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇششاق ئىشلارنى دەپ تالاش-تارتىش قىلمايتتى. ئۇ كىشىلەرگە سەممىي ۋە يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىللار بىللە بولغان بولساممۇ، ئۇنىڭ خاپا بولغىنىنى كۆرمىگەن، بۇ ئۇنىڭ ئوبدان تەربىيە كۆرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىش ئۇنىڭ يەنە بىر گۈزەل پەزىلىتى ئىدى. بىز ئۇنىڭ دائىم باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقانلىقى، باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق. نەپ تېگىدىغان ئىشلاردا ئۇ ھەمىشە ئاۋۋال باشقىلارنى كۆزدە تۇتاتتى، ئوڭايلىقنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى، قىيىنچىلىقنى ئۆزىگە قالدۇراتتى. ئۇ ئاممىغا ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئىشىنەتتى، ئامما بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلاتتى، ئاممىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايتتى، شۇنىڭ

# يولداش جاڭ جيېنى ئەسلەيمەن

## جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ سابىق ئوقۇتقۇچىسى  جاڭ پېيلۇن

يولداش جاڭ جيې ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بەكمۇ بالدۇر كېتىپ قالدى، بۇ يالغۇز جۇڭگونىڭ ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈنلا زور يوقىتىش بولۇپ قالماستىن، ئۇزاق يىللار ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلىگەن بىزدەكلەر ئۈچۈنمۇ ئوبدان دوست ۋە ياخشى ئۇستازدىن ئايرىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1987 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە مەن ئۇنىڭ جەستى يېنىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان چېغىمدا، تەپەككۇرۇم پەرۋاز قىلىپ، ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ، ئۇزاققىچە ھېسسىياتىمنى باسالمىدىم. ئۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە، كەمتەر، سەممىي، چىقىشقاق ئىدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىش ئىزلىرى ئىچىدە بىر ئىش مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى، مەن ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە شۇ ئىشنى يازدىم.

1960 ـ يىلى يازدا، جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ ئاخىرقى بىر سىنىپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى. ئەينى ۋاقىتتىكى "سول"چىلىق خاتالىقىنىڭ تەسىرىدە، دىنىي شۆيۈەننى داۋاملىق ئېچىش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ، داۋاملىق ئېچىش كېرەك بولسا قانداق ئېچىش كېرەك، دېگەن بىر قىيىن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ يولداش جاڭ جيې باشچىلىقىدىكى مەسئۇللىرى دىنىي شۆيۈەننى داۋاملىق ئېچىش كېرەك دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى ھەمدە دىنىي شۆيۈەنىنىڭ تەتقىقات سىنىپىنى ئۈچۈن ئۇ ئامىمدا ياخشى تەسىر قالدۇرغان ئىدى. ئىنتىزام ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش جەھەتتە ئۇ ئۆزى باشلامچى بولۇپ، كۆپچىلىككە ئۈلگە بولاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئۇنى ھەر مىللەتنىڭ كەڭ ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ئۇنى ئامما ھىمايە قىلاتتى، ماختايتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. يۇقىرىقى جەھەتلەردە ئۇ زور ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىدى، بىز ئۇلارنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

يولداش جاڭ جيېنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىدىيىسى، پەزىلىتى، ئىستىلى ۋە پوزىتسىيىسى بىزنىڭ ئۆگىنىشتە ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئۇ سېغىنىشقا ۋە ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىشلىك ئادەم. ئۇ ئالىيجاناپ ئادەم، ئەخلاقلىق ئادەم، خەلققە پايدىلىق ئادەم. ئۇنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلىتى ۋە ئالىيجاناپ روھى مەڭگۈ بىزنىڭ ۋە ئون مىليونلىغان كىشىنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ ھەمدە مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ.

ئېچىش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورۇننىڭ ئەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇتقۇچى تەيىنلەش ۋە دەرسلىك تۈزۈش مەسىلىسىلا قالدى.

ئوقۇغۇچى ئېلىش مەسىلىسى، شۇ قېتىم تولۇق كۇرس سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن يېشى كىچىكرەك، نەتىجىسى ياخشى، بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدىغانلارنى ئېلىپ قالغاندىن باشقا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر قىسىم ئابرويلۇق ئىماملارنى قوبۇل قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان؛ ئوقۇتقۇچى مەسىلىسى ئۆز ئىچىمىزدىن ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بار ئوقۇتقۇچىلارغا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خادىملىرىنى قوشۇش يولى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان؛ دەرسلىك مەسىلىسى ئۆزىمىز تۈزۈش يولى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان بولدى.

شۇ ۋاقىتتا مەن جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ئىسلام تارىخى كافېدراسىنىڭ باشلىقى ئىدىم، بۇ جەھەتتىكى دەرسلىكنى يېزىشتا ئالدى بىلەن مەندە قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى ئېغىر بولدى. مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم؛ بولۇپمۇ ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش ۋە ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت ئەمدىلا ئاخىرلاشقان بولغاچقا، دەككە-دۈككە تېخى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمىگەنىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپىي كۈرەشنىڭ پۇرژىنىسى بارغانسېرى چىڭىپ كېتىۋاتقاچقا، دىنىي ساھەدىكى زاتلار تەنقىد، كۈرەش، ئۆزگەرتىش نىشانى بولۇپ قالغانىدى، ئاللىقانداق "سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا دىن بىلەن كۈرەش قىلىش لازىم" دېگەنگە ئوخشاش "سول"چىل ئاۋاز ۋە شاۋقۇن-سۈرەنلەر بىر مەھەل ئەدەپ كەتكە-نىدى. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، گېزىت-ژۇرناللاردا بىر مەھەل دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەدىنامىسى، تەشەببۇسنامىسى دېگەنگە ئوخشاشلار كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، دىن دېگەن بىر چەكلەنگەن رايون دەپ قارالغاچقا، مەن دىنغا دائىر دەرسلىكنى تۈزىمەن دەپ، "دىننى تەشۋىق قىلغان"، "دىننى بېزەپ كۆرسەتكەن" دېگەن بەتنامغا قالارمەنمۇ دەپ دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالغانىدىم، مەندىكى بۇ ئەندىشە سەل تېشىغا تېپىپ قالغان بولسا كېرەك، يولداش جاڭ جىيې بۇنى سېزىپ، مەن بىلەن ئەھۋاللاشتى، سىياسەتكە ئىشىنىش، ئىشەنچنى چىڭىتىش، دەرسلىكنى چوقۇم تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا ماڭا ئىلھام بېرىپ مۇنداق دېدى:

"دەرسلىك تۈزۈش بىر دەمدىلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە تەييارلىنىش كېرەك. ھەممىدىن ئاۋۋال مول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش، كۇتۇبخانىغا بېرىپ، تارىخقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىش، ئىسلام تارىخى، ئىسلام ئەقىدىسى جەھەتتىكى خەنزۇچە ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، ھەتتا كونا ماتېرىياللار دۆۋىسى ئىچىدىكى «ئاي نۇرى»، «ئىسلام نۇرى»، «جېنزۇڭ گېزىتى»، «ئىسلام قوڭغىرىقى» دېگەنگە ئوخشاش گېزىت-ژۇرناللارنىمۇ ئاختۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق ماتېرىياللارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن،

شۇ ئاساستا ناچىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، خىلىلىرىنى ساقلاپ قېلىش، ساختىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، چىنلىرىنى ساقلاپ قېلىش خىزمىتىنى ئىشلەش كېرەك. دەرسلىك - كونسپېكلەرنى تۈزۈشتە دىنىي سىياسەتكە دىققەت قىلىش، دىنىنى دىن بويىچە سۆزلەش، دىنىي ھېسسىياتقا ئازار بېرىپ قويماسلىق لازىم. كونسپېك بولمىسا، دەرس ئۆتكىلى بولمايدۇ. سىلەر دەرسلىكنى يۇرەكلىك تۈزۈۋېرىڭلار، تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، رەھبەرلىك كۆرۈپ چىقىدۇ، مەسىلە چىقسا، مانا مەن مەسئۇل.» ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، "مەسىلە چىقسا، مانا مەن مەسئۇل!" دېگەن گەپنى ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

يولداش جاڭ جيېنىڭ ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن، تىرىشىش ئارقىلىق، بىز جۇڭگو ئىسلام تارىخى گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىشىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «دەسلەپكى ئىسلامىيەت ئىلمى تەتقىقاتى ئۈستىدە مۇھاكىمە»، «مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر دىنىي ئالىملار»، «مۇسۇلمانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرى»، «مەسچىت ھەققىدە»، «ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى»، «يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى ئىسلاھاتچىلىق پىكىر ئېقىمى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» قاتارلىق 7 مەخسۇس تېما بويىچە 200 مىڭ خەتلىك كەلگۈدەك كونسپېك يېزىپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى ئوبدان ئۆتتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن يولداش جاڭ جيې دەرسلىك تۈزۈش ۋە ماتېرىيال توپلاش ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز سوراپ تۇردى. بىز ساۋاقداشلار بىللە بېيجىڭدىكى چوڭ كۇتۇبخانىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەخمىنەن 30 مىڭ ۋاراق ئۈزۈندە توپلىدۇق ھەمدە «جۇڭگو ئىسلام تارىخىغا دائىر پايدىلىنىدىغان كىتابلار مۇندەرىجىسى»، «جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىدە ساقلانغان مۇسۇلمانچە كىتاب-ژۇرناللارنىڭ مۇندەرىجىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگو ئىسلام تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە كېيىن ساۋاقداشلارنىڭ ئىلمىي ماقالىيېزىشى ئۈچۈن مەلۇم شارائىت ياراتتۇق.

بۇ ئىشقا 20 نەچچە يىل بولدى، لېكىن يولداش جاڭ جيېنىڭ سەممىي تەلىمى ۋە ئىلھامى خۇددى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتلىكاشاڭلارنى تۈگىتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش روھى ئۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان بىلىمگە ۋە يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە ئىكەنلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈربويى يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان پىداكارانە روھى مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىشتە ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئەپسۇسكى، ئون يىللىق مالىمانچىلىق ئىچىدە، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى، يولداش جاڭ جيې ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇلدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەمگەك مېۋىسىنىڭ تەڭدىن تولىسى يوقىلىپ كەتتى، بۈگۈنكى كۈندە بۇلارنى ئەسلىسەك، قاتتىق ھەسرەتلىنىمىز.

# ئاخىرقى نەپەسىگىچە پۈتۈن كۈچىنى ئايىماي كۈرەش قىلغان

## ——مۇدىر جاڭ جيېنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە

ما يۈنئۇ

1987-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى سەھەردە قەدىرلىك مۇدىرىمىز جاڭ جيېنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى، مۇسىبەت خەۋىرى يېتىپ كېلىش بىلەن مەن ئىنتايىن ئېچىندىم. مۇدىر جاڭ جيې مېنىڭ كۆپ يىللىق رەھبىرىم ئىدى، بىزنىڭ بىللە ئىشلەۋاتقىنىمىزغا 30 يىل بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن، مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن چاغلاردىكى ئىشلارنى ئېسىمگە ئالدىم.

50-يىللارنىڭ باشلىرىدا، يولداش جاڭ جيې غەربىي شىمال رايونىدىن بېيجىڭغا كېلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ۋە ئۇنى قۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇ خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ، ئەستايىدىللىق، ئاكتىپلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆزى نەمۇنە بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئالىيجاناپ ئەخلاق-پەزىلىتى بىزدە ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى.

يولداش جاڭ جيې ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ھەمكارلىشىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇش، شۇنىڭدەك ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى راۋاجلاندۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۆچمەستۇر.

مۇدىر جاڭ جيې بىلەن ئالاقىدە بولغانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سەمىمىي-سادىقلىقىدىن چوڭقۇر ۋە ياخشى تەسىر ئالغان. ئۇ يولداشلارغا ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، كەمچىلىك ۋە خاتالىق سادىر قىلىپ قويغان بىرەر يولداشقا ئۇنىڭ ئاچچىقلاپ تاپا-تەنە قىلغانلىقىنى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس، ئۇ ئىزچىل تۈردە ياخشىلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم قىلىپ، كىشىنى تولۇق قايىل قىلاتتى. باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن پىكىر-تەكلىپ-لىرىگە ئۇ ھەمىشە ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، جىددىي ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كىم ئۇنىڭغا بىرەر ئەھۋالنى ئىنكاس قىلسا ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى؛ ئۇ ئىشنى قىلالماي قالسىمۇ، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماي، ئۇنىڭغا بىرەر جاۋاپ بېرەتتى. مەسىلەن، بىر خۇيزۇ ياش ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇ ئىشلەۋاتقان ئورۇندا مۇسۇلمانچە ئاشخانا بولمىغانلىقتىن، تۇرمۇش جەھەتتىكى بۇ قولايسىزلىق سەۋەبى بىلەن خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلغانىدى. مۇدىر جاڭ جيې دەرھال مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇ يولداشنىڭ مۇسۇلمانچە ئاشخانىسى بار ئورۇنغا يۆتكىلىشىگە ياردەم قىلغان. بۇ ياش يولداش مۇدىر جاڭ جيېدىن بەكمۇ

مىننەتدار بولغان. مەسىلەن يەنە، بىر خۇيزۇ قىز ئىسلام جەمئىيىتىگە خەت يېزىپ، خۇيزۇ ياشلىرىدىن ئۆزىگە يارىغۇدەك بىرەر لايىق تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. مۇدىر جاڭ جېينىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن كۆپچىلىك قىزغىن ياردەم بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز ئۇزاققا قالمايلا كۆڭۈلدىكىدەك بىر لايىق تېپىۋالغان.

مۇدىر جاڭ جېي خىزمەتنى ھەم ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، ھەم جاسارەت بىلەن ئىشلەيتتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتى مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلار بىلەنلا چېتىشلىق بولۇپ قالماستىن، يەنە خەلقئارادىكى 40 تىن ئارتۇق ئىسلام مەملىكىتى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بىلەنمۇ چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بەكمۇ ئېغىر. مۇدىر جاڭ جېي ھەمىشە، يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق خادىملارغا تايىنىش، زۆرۈر تېپىلغاندا، ھەممەيلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، چارە-تەدبىر تېپىشى لازىم، دەيتتى. ئۇنىڭ خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلى كەڭ ئاممىغا تايىنىش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا قاتلامدىكى رەھبەرلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۇرغۇن خىزمىتىنى ئۇ ئاشۇ يولداشلارنىڭ ئىشلىشىگە دادىل قويۇپ بېرەتتى، ئۇلار خىزمەتنى ئىشلەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا دوكلات قىلىپ قويسىلا بولاتتى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە دائىر مۇھىم فاڭجېننى ۋە كادىر يۆتكەش مەسىلىسىگە تاقىلىدىغان ئىشلارنى مۇدىر جاڭ جېي ئۆزى سۈرۈشتە قىلاتتى ۋە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەيتتى. ئۇ خىزمەتتە مۇھىم ئىشلارنى ئۆزى تۇتۇش، ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنى مەسئۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، ھەممەيلەن ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن خاتىرجەم ئىشلەيتتى.

مۇدىر جاڭ جېي ئۆزىنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئىنتىزامچانلىقىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشى بىلەن كۆپچىلىككە ئۈلگە بولاتتى. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا ھەركۈنلۈك خىزمەت ۋاقتىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى. ئۇ بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىدىغان بولۇپ قالسا، باشقىلارنىڭ ئىزدەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىشخانىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى دەپ قوياتتى. بەزى چاغلاردا دەپ قويۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالسا، بارىدىغان يېرىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن تېلېفون بىلەن بولسىمۇ ئىشخانىدىكىلەرگە ئېيتىپ قوياتتى. بەزى يولداشلار مۇدىر جاڭ جېي خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىدىغان چاغدا كۆپچىلىكتىن رۇخسەت سورىشى كېرەكمۇ، دەپ سورايتتى. شۇنداق، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى دەل ئۇنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئىنتىزامچانلىقىنى ھەم خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جەمئىيىتىمىزنىڭ بىرىنچى باشلىقى بولغان مۇدىر جاڭ جېي ئۇزاقتىن بېرى قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش كېسىلى بىلەن يۈرەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان ئىدى، ئىش بىلەن سىرتقا چىقىش توغرا كەلسە، ئۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ چىقسا قىل سىغمايتتى، لېكىن ئالدىنقى يىللىرى ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشى بىلەن سىرتقا چىقسا ھەمىشە ۋېلسىپىت بىلەن چىقاتتى، بۇنى كۆرۈپ كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈش نىيىتى بىلەن ئۇنى بۇنداق قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، بەكمۇ خەتەرلىك ئىش قىلىپسىز دەپ

ئەيپلىسە، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ: "ھېچقىسى يوق، ئانچە-مۇنچە ھەرىكەت قىلىپ باقاي دېدىم-دە!" دەپ قوياتتى.

مۇدىر جاڭ جيې مەملىكىتىمىزدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئىسلام ئەللىرىدىمۇ ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۈزۈلمەي كەلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى ۋە تەزىيە خەتلىرىدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، مۇدىر جاڭ جيېنىڭ تۆھپىسى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىگە باھا بېرىلگەن. گەنسۇ، خېيلۇڭجياڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىن ئەۋەتىلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرىدا جاڭ جيې ھاجىنىڭ كۆپ يىللار مىللىي-دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن؛ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن "يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپ، ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان"لىقى، "بىزگە شانلىق ئۈلگە، ئۆگىنىشتە نەمۇنە بولۇپ بەرگەن"لىكى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن. بېيجىڭ داشۆسىنىڭ تەزىيە خېتىدە، مۇدىر جاڭ جيې "بېيجىڭ داشۆسىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بىز قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز" دېيىلگەن. پروفېسسور نا جۇڭنىڭ تەزىيە خېتىدە، "يولداش جاڭ جيېنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئېچىندىم. بۇرادەر جاڭ جيې جۇڭگو ئىنقىلابى، جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاخىرقى نەپىسىگىچە پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى تەقدىم قىلدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن غايەت زور خىزمەت كۆرسەتتى، ئۇنىڭ تۆھپىسى مەملىكىتىمىزدىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ قەدىرلىنىدۇ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. بۇرادەر جاڭ جيېنىڭ ۋاپاتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زور يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ" دېيىلگەن.

مۇدىر جاڭ جيېنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، مەسىلەن، پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە 1-دەرىجىلىك كاتىپى، ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، لىۋىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قاتارلىقلار تەزىيە خېتى يېزىپ، يولداش جاڭ جيېنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، ئۇنىڭ خىزمىتىگە باھا بەردى. سۇداننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەت ھەمۇد مۇھەممەت مەتتار تەزىيە خېتىدە مۇنداق دېگەن: "ئاتاقلىق مۇسۇلمان جامائەت ئەربابى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى مۇھەممەت ئېلى جاڭ جيېنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەن سۇدان خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا چىن قەلبىمدىن قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمەن"، "مەن ئۇنىڭ مول مەزمۇنلۇق ھاياتىغا، پۈتۈن كۈچى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھاياتىغا، مۇسۇلمانلار ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ھاياتىغا شۇنىڭدەك جۇڭگو بىلەن ئەرەب-ئىسلام ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى

# ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرىدىن مۇسۇلمانچىلىقتىكى سىلە-رەھىم ئىشلىرىغا نەزەر

## يىن جىڭبو

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، ئاتا-ئانىنى قەدىرلەش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىمىزدا، پەرۋەردىگارىمىز تەۋسىيە قىلغان ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئاتا-ئانىنى قەدىرلىمەسلىك، ھەتتا ئۇرۇش-تىللاش، خارلاش ياكى ئۇلارنى تاشلىۋېتىش قىلىقلىرىغا ئىسلام دىنى يول قويمايدۇ، بۇنداق قىلىقلار دۆلەت قانۇنلىرىدا تېخىمۇ چەكلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ 17-سۈرە 23-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن "پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھۇي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن."

«مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 136-بېتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا-ئانىنى قەدىرلەشكە دائىر "ئاتا-ئانىنىڭ شەپقىتى زوردۇر، ئاتا-ئانىنىڭ شەپقىتىنى پەرزەنتلىرى ئۆمۈرۋايەت قايتۇرۇپ بولالمايدۇ، ئاتا-ئاناڭلارغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساڭلار ئاتا-ئاناڭلارنىڭ كۆڭلىمۇ خوش بولىدۇ، ئۆزەڭلارنىڭ كۆڭلىمۇ خوش بولىدۇ"، "ئاتا-ئاناڭلارنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمىكىنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە مول قىلىپ بېرىڭلار" دېگەنگە ئوخشاش تەلىملىرى بار.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ ئىككىنچى باب 49-ماددىسىدا: "ياش-قورامىغا يەتكەن بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بېقىش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار"، "قېرىلارنى خارلاش مەنئى قىلىنىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. "مىراسخورلۇق قانۇنى» دىمۇ پەرزەنتلەرنىڭ قېرىلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى تەكىتلىنىپ، قېرىلارنى

---

مۇناسىۋەتنى چىڭىتىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە تەزىيە بىلدۈرىمەن. شەك-شۈبھىسىزكى، مىسىر، پاكىستان ۋە سۇداندىكى ھەم باشقا ئىسلام-ئەرەب ئەللىرىدىكى ئۇنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن غايەت زور قايغۇغا چۆكىدۇ."

مۇدىر جاڭ جيې بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۆچمەيدۇ، ئۇنىڭ خىسلىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى بىزنىڭ قەلبىمىزدە ياشايدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىدىغان ئۈلگىمىز.

بېقىش-باقماسلىق مىراسخورلۇق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش-بولماسلىقىنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىنغان.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى قائىدىلىرىدىمۇ، ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرىدىمۇ ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئاتا-ئانىنى بېقىش تەكىتلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، بىر ئادەم تۆرەلگەندىن تارتىپ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، يېتىش-قوپۇش، يۈرۈش-تۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇنداق ئىككى ئېھتىياجدىن، بىرى ماددىي ئېھتىياجتىن، يەنە بىرى مەنىۋى ئېھتىياجتىن ئايرىلالمايدۇ. ماددىي ئېھتىياج كىشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجى، چۈنكى بەلگىلىك ماددىي بۇيۇم ئادەمنىڭ ھايات كەچۈرۈشىنىڭ زۆرۈر شەرتى؛ مەنىۋى ئېھتىياج ئادەمنىڭ بىر خىل يۇقىرى قاتلاملىق ئېھتىياجى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشىنى، كۆيۈنۈشىنى، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، مول مەنىۋى تۇرمۇش ۋە مەنىۋى ئوزۇقنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋەھاكازالار. جەمئىيەتتە ئائىلە بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ، ئائىلىدە، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بېقىپ، ئۇلارغا بىلىم، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى ۋە خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقانغا قەدەر ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى. ئاتا-ئانا ياشىنىپ، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغاندا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇلارغا كۈچىنىڭ بېرىچە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى تۇرمۇش جەھەتتە بەختلىك قىلىشى، مەنىۋى جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە تەلىپىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاخىرقى ئۆمرىنى غەم-قايغۇسىز، خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. بۇنداق قىلىش پەرزەنتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. قېرىمايدىغان كىمۇ بولسۇن، ئادەم قېرىغاندىن كېيىن ئۆز پەرزەنتىنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا ھاجىتى چۈشىدۇ. كەڭ ئاما ۋە مۇسۇلمانلار بۇ داۋلىنى بىلىدۇ. ئىنقىلابىي ئەجدادىمىز، سابىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى جۇدې ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قاتتىق قايغۇغا چۆمگەن ھالدا: ”مەن ئانامنىڭ چوڭقۇر شەپقىتىنى قانداق قايتۇرارمەن؟ مەن مىللىتىمىزگە ۋە خەلقىمىزگە داۋاملىق تۈردە چەكسىز سادىق بولۇپ، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە چەكسىز سادىق بولۇپ، خەلقنى خۇشال-خۇرام ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن“ دېگەن. يولداش جۇدې ئاتا-ئانىسىنى قىزغىن سۆيۈش بىلەن خەلقنى ۋە پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈشنى زىچ بىرلەشتۈرگەن، ئۇنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب مۇھەببىتى بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەملىكىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قېرىلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىگە ئاساسەن، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ۋە ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا، دۆلەت پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىقىرىش، ئەمگەك سۇغۇرتا ئىشلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ (كوللېكتىپ

مۇلۇكچىلىكتىكى بەزى ئورۇنلارمۇ مۇشۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇۋاتىدۇ)، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت ستاژىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپ، ئۇلارغا ھەر ئايدا ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن 100 پىرسەنتىگىچە پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىقىش پۇلى بېرىدۇ. بىراق، شەھەر-يېزىلاردا يەنە پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىقىش پۇلىدىن ھەمدە كوللېكتىپنىڭ بېقىشىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بىرمۇنچە قېرىلار بار، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەمىناتى ئاساسەن ئائىلىدىن كېلىدۇ، ئۇلار ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە ئاساسەن بالىلىرىغا ياكى ئۆزىنىڭ جورىسىغا تايىنىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قېرىلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا، ئۆزلۈكىدىن كۆيۈنۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەككى، ئۇلار بىلەن كارى بولمايدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك، ئاتا-ئانىسى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، تۇرمۇش جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلارغا كۆيۈنۈشى ۋە ياردەم بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ خاتا ئىدىيىسىنى ۋە خاتا ھەرىكىتىنى تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك، قۇرئان كەرىمنىڭ 31-سۇرە 15-ئايىتىدە: ”ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن“ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشىدا ئالدىنقى شەرت بارلىقىنى، ئۇنىڭ فېئودالىزمنىڭ“ ۋاپادارلىق“ يولىدىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ھۆكۈمران سىنىپلار پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىغا ”ئىتائەت قىلىشى“ كېرەك دېگەننى تەكىتلەيتتى ھەمدە: ”ھەممە ئىشتا ھۆرمەت قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم“ دېگەننى تەرغىپ قىلاتتى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى فېئودالىق تەبىقىچىلىكنى قوغداش ئىدى. بۇنداق ”ھۆرمەت“تە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشى تەلەپ قىلىناتتى ۋە ”ئاتا-ئانىنىڭ دېگىنىنىڭ ھەممىسى بەرھەقتۇر“ دېگەن نەرسە تەرغىپ قىلىناتتى، ھەتتا ”دادا بالىنى ئۆلۈشكە بۇيرۇسا، بالىغا ئۆلمەكتىن باشقا يول يوق“ دېگەن نەرسە تەكىتلىنەتتى، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم ئائىلىسىدە ئاتا-ئانىسىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلسا، ئائىلىدىن چىققاندا، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ساداقەتلىك بىلەن ئىتائەت قىلىدىغان، پادىشاھ ئۆل دېسە ئۆلىدىغان ئادەم بولۇپ چىقارمىش. مانا بۇ ”ساداقەتمەن بالا ۋاپادار كېلىدۇ“ دېگەننىڭ ئۆزىدۇر، فېئودالىزمنىڭ ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش كېرەك دېگەن نېمىسىدە پادىشاھقا سادىق بولۇش، ئاخىرقى ھېسابتا فېئودالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسەت قىلىنغان. بۇنداق ۋاپادارلىق يولىغا شەك-شۈبھىسىزكى، قارشى تۇرۇش كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ ۋاپادارلىق يولى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق.

# ھىجرىيە يىلنامىسىگە دائىر تەرمىلەر

سەي شېڭئا

ئىلگىرى مەملىكىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە ئىسلام دىنىغا دائىر ھېيت-ئايەم كۈنلىرىنىڭ بېكىتىلگەن ۋاقتى ئانچە بىردەك بولماي كەلدى. بۇنى ئاساسەن يىلنامىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنىڭدا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئەھۋال بار:

1. فىقھىگە ئاساسەن ئايغا قاراش، بۇ ئۇسۇل پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ: "سىلەر رامىزان ئېيىدىن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، سىلەر ئاي كۆرۈنگەندە روزىنى باشلاڭلار، ئاي كۆرۈنگەندە روزىنى تاماملاڭلار، ئەگەر ئاينى بۇلۇت توسۇۋالغان بولسا، شەئبان ئېيىنى 30 كۈن توشقۇزۇڭلار" دېگەن تەلىمى بويىچە ئايغا قاراش جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئالاقىدار فىقھە كىتابلىرىدا ئايغا قاراش توغرىسىدا، ھەدىسكە ئاساسلانغان ھالدا مەخسۇس بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان، چوڭ فىقھە كىتابى «شامى»نىڭ مۇئەللىپى "ئادىل ھېسابلىنىدىغان يىلنامە ئالىملىرىنىڭ نەزەرىيىسىنىمۇ روزا تۇتۇش ۋە روزىنى تاماملاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشقا بولمايدۇ" دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىقى ھەدىستىن مۇنداق ئىككى مەنىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرى قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يەنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇلارنى ئايغا قارىتىش يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرگەن، دېمەك، دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىشتا ئىتتىپاقلىق روھى تەكىتلىنىدۇ؛ يەنە بىرى پەيغەمبىرىمىز ياشىغان دەۋردە قەدىمدىن قالغان ئاددىي بولغان ئاسترونومىيىلىك يىلنامە قوللىنىلغان، چۈنكى يۆل-يېغىن مىقدارى ئاز بولغان، قۇرغاق كەلگەن ئەرەب رايونلىرى بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش جەھەتتە ئالاھىدە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە، چەكسىز كەتكەن قۇملۇقتا كىشىلەر خېلى يىراقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، بۇ رايونلاردىكى كىشىلەر يەنە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىشتە ئەنئەنىۋى تەجرىبىگە ۋە ئوبدان كۆز قۇۋۋىتىگە ئىگە، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئايغا قاراش ئۇسۇلى بولىدىغان ئۇسۇل. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنى 29-كۈنى ئايغا قاراش ئۇسۇلىمۇ تەبىئەت ھادىسىسىگە ئۇيغۇن، شۇڭا، فىقھە بويىچە ئايغا قاراشنى تامامەن توغرا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى ئايغا قاراش ئۇسۇلىنى ئىگەللەش، ئاي بېشى ۋە ئاي ئاخىرى بولىدىغان كۈننى توغرا بەلگىلەشتىن ئىبارەت، بۇنى بەلگىلەشتە بولسا يىلنامە بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ئاي بەك ئىنچىكە بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۆز بىلەن تازا توغرا كۆزىتەلىشى خېلىلا قىيىن، شۇڭا بۇ ھېسابلاش ئۇسۇلىدا ئېگىز-پەسلىكتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ.

2. ئايلىق كالىندار بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلى، بۇ ئۇسۇل ئالاقىدار ئالىملار ئاسترونومىيىلىك يىلنامىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىققان ھىجرىيە كالىندارى بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇلنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جامالىددىن دېگەن كىشى ئېلىمىزگە تارقاتقان بولۇپ، ئۇ جوڭگونىڭ ۋاقىت ھېسابلاش ئىشىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن. مەملىكىتىمىزدە ھازىر قوللىنىلىۋاتقان چىن

يۇەنىنىڭ «جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلار كالىندارى»، ما جيەننىڭ «ھىجرىيە كالىندارى تېزىسلىرى»، ما زىچېڭنىڭ «يىلنامە مەنبەسىنىڭ ھەقىقىتى» قاتارلىقلار شۇ ئۇسۇل جۇملىسىگە كىرىدۇ. بۇ يىلنامىدە ھەر 30 يىلدا 11 يىل كەبىسە يىل بولىدۇ، يەنى بۇ ئۇسۇل بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاينىڭ يەر شارىنى بىر نۆۋەت ئايلىنىشى ئۈچۈن 29 كۈندىن ئوشۇقراق ۋاقىت كېتىدۇ، ھەر يىلى ئېشىپ قالغان سەككىز سائەت 48 مىنۇت 13.6 سېكۇنت ۋاقىت ھەر ئىككى-ئۈچ يىلدا يىغىلىپ بىر كۈن بولىدۇ، ھەر تاق ئاي 30 كۈن، جۈپ ئاي 29 كۈن ھېسابلىنىدۇ، كەبىسە يىلغا توغرا كەلگەندە 10-ئاي بىر كۈن قوشۇپ چوڭ ئاي قىلىنىدۇ؛ بۇ ھال 30 يىلدا بىر دەۋر قىلىدۇ، بۇ 30 يىل ئىچىدە ئادەتتىكى يىلدىن ئون توققۇزى، كەبىسە يىلدىن ئون بىرى بولىدۇ، ئادەتتىكى يىل 354 كۈن، كەبىسە يىل 355 كۈن بولىدۇ، مۇشۇنداق 30 يىل يەتتە قېتىم دەۋر قىلغاندا بىر گۇرۇپپا بولىدۇ. بۇ ھال مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىۋېرىدۇ، 120 يىلدا 44 كۈن ئارتۇق چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سەككىز يىلدا ئۈچ يىل كەبىسە يىل قىلىنىدىغان ھېسابلاش ئۇسۇلىمۇ بار، بۇنىڭدا سەككىز يىلدا ئۈچ كەبىسە يىل بولغاچقا، سەككىز يىل بىر دەۋر قىلىنىدۇ، 120 يىلدا 45 كۈن ئارتۇق چىقىدۇ، يەنى ئالدىنقى ھېسابلاش ئۇسۇلىغا قارىغاندا بىر كۈن ئوشۇق چىقىدۇ. بۇنداق ھېسابلاش ئۇسۇلى ما فۇچۇنىڭ «ئەرەبچە يىلنامىنىڭ مەنبەسى»دە ئۇچرايدۇ.

كالىندار بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلى ئاسمان ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇ ھېسابلاشقا ۋە يىل، ئاينى سۈرۈپ توغرىلاشقا ئوڭاي بولغاچقا، كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن بولغاچقا، بەزىدە ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ ھېسابلاش ئەھۋالى بىلەن ئانچە بىردەك چىقمايدۇ. مەسىلەن، ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاينىڭ بېشىدىكى كۈنى كالىندار بويىچە سۈرۈپ ھېسابلىغاندا، مىلادى 1950-يىلدىن 2000-يىلغىچە بولغان 52 يىلدا، ئىككى قېتىم قەمەرىيە يىلى بويىچە ئاينىڭ بېشىغا توغرا كېلىپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، بىر قېتىمدا 1984-يىل 5-ئاينىڭ 31-كۈنى ھىجرىيە 1404-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى (رامىزاننىڭ 1-كۈنى)گە، يەنى قەمەرىيە جيازى يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگە توغرا كەلگەن؛ يەنە بىر قېتىمدا مىلادى 1992-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنى ھىجرىيە 1412-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنىگە، يەنى قەمەرىيە رېنشېن يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ۋاقىتنى كالىندار بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئىسلام دىنى يىلنامىسىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، جۇڭگونىڭ قەمەرىيە كالىندارىدا ھەر ئاينىڭ بېشى شۇ ئاينىڭ 1-كۈنى قىلىنسا، ھىجرىيە كالىندارىدا ئاي بېشىدىن كېيىنكى ئاي كۆرۈنگەن كۈن شۇ ئاينىڭ 1-كۈنى قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئاي بېشى يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتىن يېڭى ئاي كۆرۈنگەنگە قەدەر 12 — 15 سائەتچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ئاي چىققاندىن كېيىن ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىدەك بولۇش ئۈچۈنمۇ يەنە ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا، ھىجرىيە كالىندارىدىكى ۋاقىتنى جۇڭگونىڭ قەمەرىيە كالىندارى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاينىڭ بېشى بولغان كۈندىن يېڭى ئاي كۆرۈنگىچە بولغان ۋاقىت ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاي بېشى بولىدىغان كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى ئىلگىرى-كېيىن بولغاچقا، ھىجرىيە كالىندارىدا ئاينىڭ 1-كۈنى كۆپىنچە قەمەرىيە كالىندارىدىكى ئاينىڭ

ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنگە توغرا كېلىپ قالىدۇ، شۇڭا، ھىجرىيە كالىندارىدىكى ئاينىڭ 1- كۈننى قەمەرىيە كالىندارىدىكى ئاينىڭ 1- كۈنگە توغرىلىغاندا، بەك بالدۇر بولۇپ قالىدۇ، 4- كۈنگە توغرىلىغاندا بەك كېيىن بولۇپ قالىدۇ. ئايلىق كالىندار بويىچە ھېسابلىغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان 52 يىل ئىچىدە، رامىزاننىڭ 1- كۈنى قەمەرىيە كالىندارىدا ئاينىڭ 2- كۈنگە توغرا كېلىدىغان يىلدىن ئوتتۇز بىرى، 3- كۈنگە توغرا كېلىدىغان يىلدىن يىگىرمىسى، 1- كۈنگە توغرا كېلىدىغان يىلدىن بىرى بار؛ روزا ھېيت قەمەرىيە كالىندارىدا ئاينىڭ 2- كۈنگە توغرا كېلىدىغان يىلدىن ئونى، 3- كۈنگە توغرا كېلىدىغان يىلدىن يىگىرمە سەككىزى، 4- كۈنگە توغرا كېلىدىغان يىلدىن تۆتى بار، (1953- يىل 6- ئاينىڭ 14- كۈنى قەمەرىيە كالىندارىدا 5- ئاينىڭ 4- كۈنگە، 1974- يىل 10- ئاينىڭ 18- كۈنى قەمەرىيە كالىندارىدا 9- ئاينىڭ 4- كۈنگە، 1987- يىل 5- ئاينىڭ 30- كۈنى قەمەرىيە كالىندارىدا 5- ئاينىڭ 4- كۈنگە توغرا كەلگەن، 1989- يىل 5- ئاينىڭ 8- كۈنى قەمەرىيە كالىندارىدا 4- ئاينىڭ 4- كۈنگە توغرا كېلىدۇ). ھىجرىيە كالىندارىدىكى ئاي بېشىنىڭ قەمەرىيە كالىندارىدىكى ئاينىڭ 4- كۈنگە توغرا كېلىپ قېلىشىدا مەلۇم خاتالىق بارلىقى ئېنىق. بولۇپمۇ روزا ھېيت كۈننىڭ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىشى مۇۋاپىق ئەمەس (روزا ھېيت قىلىپ بەلگىلەنگەن كۈندە روزا تۇتۇش مەنئىي قىلىنىدۇ).

3. ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىپ ھېسابلاش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل يېڭى ئاي چىققان كۈن ۋە ئاي بېشى بولىدىغان كۈننى دۆلەت رەسەتخانىسى ئىلمىي ئەسۋابلار ئارقىلىق، ئەمەلىي ئاسمان ھادىسىلىرىگە ئاساسەن كۆزىتىپ ھېسابلايدىغان ئۇسۇلدۇر. بۇ ئۇسۇلدا كالىندار بويىچە سۈرۈپ ھېسابلاش ئۇسۇلىدىكىگە ئوخشاش مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلمىغاچقا، بۇ ئۇسۇل ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت ئەمەلىيىتىگە خېلى ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇنداق ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ئادەتتە قوللىنىلىدىغان كالىندار بويىچە سۈرۈپ ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ.

* * *

ھىجرىيە يىلنامىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىگە ئىسلام ئەللىرى ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە ھەرقايسى ئەللەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم مەسىلە دەپ قاراپ كەلدى. 1978- يىلى بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرى تۈركىيىنىڭ مەشھۇر شەھىرى ئىستامبۇلدا "ھىجرىيە كالىندارىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنى"نى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا قاتناشقانلار ئاي كالىندارىدا ئاينىڭ 1- كۈننى قانداق بەلگىلەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايغا قاراش توغرىسىدىكى مەشھۇر تەلىمىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەمەلىي ئايغا قاراش بىلەن ھېسابلاشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە خېلى بىرلىككە كەلگەن قاراشقا ئىگە بولدى، يىغىپ ئېيتقاندا مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ھىجرىيە كالىندارىدىكى ھەرقايسى ئايلارنىڭ 1- كۈننى ئەمەلىي كۆزىتىش بىلەن ئىلمىي كۆزىتىشنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا بەلگىلەش كېرەك، ئەمەلىي كۆزىتىش بىلەن ئىلمىي كۆزىتىش بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاينىڭ ئايلىنىشىغا دائىر توغرا سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىلى، تېخىمۇ مۇھىمى ئەمەلىي كۆزىتىشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئىلمىي كۆزىتىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى

ئايغا قاراش ئۇسۇلىنى بىكار قىلغانلىق ئەمەس. يىغىندا ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، ئايغا قاراش پرىنسىپى بەلگىلەندى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. يېڭى ئايغا قاراشتا، كۆز ئارقىلىق كۆزىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئاسترونومىيىلىك ئەسۋابلار ئارقىلىق كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئىناۋەتكە ئىگە.

2. ئايغا قاراش ۋاقتىنى ئىلمىي قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئىسپاتلاش كېرەك، شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن راستلا يېڭى ئاي چىققان ۋە ئۇنى بۇلۇت توسۇۋالمىغان بولسا، كۆز بىلەن كۆرۈش ئاساس قىلىنسا بولىدۇ.

3. ئايغا قاراش شەرتى: ① ئايغا قارايدىغان ۋاقىت چوقۇم ئاي بېشى بولۇشى، قۇياش بىلەن ئاي ئارىلىقىدىكى گرادۇس سەككىز گرادۇستىن تۆۋەن بولماسلىقى؛ ② كۈن ئولتۇرغان بولۇشى، ئاينىڭ ئۇپۇقتىن ئېگىزلىكى بەش گرادۇستىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

4. يېڭى ئاي چىققانلىقىغا ھۆكۈم قىلغاندا، يەر يۈزىدىكى شارائىت يار بېرىدىغان ھەرقانداق جايدا يېڭى ئاينى كۆرگىلى بولىدىغان بولۇشى لازىم.

1985-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدە يەنە يىلنامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بويىچە 6-نۆۋەتلىك يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئەزا دۆلەتلەر ئەسلىدىكى ھىندونېزىيە، بېنگال، تۈركىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق، قەتەر، كۇۋەيت قاتارلىق توققۇز دۆلەتتىن كۆپىيىپ 14 دۆلەتكە يەتتى، يەنى ئىئوردانىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەين، سۇدان ۋە مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەر يېڭىدىن ئەزا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ئەللىرى تەشكىلاتىمۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتۇردى. يىغىندا ھەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ يىلنامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى، يىلنامىنى ھېسابلاش ئۆلچىمىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن كالىندار تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى چاغلاردا يىلنامىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سالدى.

* * *

ئىلمىزدە ھىجرىيە يىلىنى كۆزىتىپ ھېسابلاش ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، بىزدە فىقھە بەلگىلىمىلىرى، يىلنامىغا دائىر بىلىملەرلا بولۇپ قالماي، جۇڭگونىڭ ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان قەمەرىيە يىلنامىسىمۇ بار. مۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھىجرىيە كالىندارىدا ئاي بېشى بولىدىغان كۈننى ئاي كالىندارى بويىچە كۆزىتىپ بەلگىلەش چارىسىغا ئاساسەن ھېسابلاش، بەزى يەرلەرنى قەمەرىيە كالىندارىنىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە تۈزىتىش، مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئايغا قاراشتا فىقھىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىش، بولۇپمۇ ھىجرىيىنىڭ 9-ئېيى — رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش، شۇ ئارقىلىق ھەدىستىكى "ئاينى كۆرۈپ روزىنى باشلاڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزىنى تاماملاڭلار" دېگەن بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىپ، ئايغا قاراش بىلەن ھېسابلاشنى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىدىغان قىلىپ، ھېسابلاش ئۇسۇلىنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

# تاماكا چەكمەك

ۋاڭ جۈن

تاماكا چېكىش ناچار ئادەت بولۇپ، ئۇنىڭ زىيىنىلا باركى، قىلچە پايدىسى يوق، تاماكا چەككەندە سالامەتلىككە زىيان يېتىپلا قالماي، پۇل ئىسراپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھاۋا بۇلغىنىپ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، دېمەك تاماكا چېكىشنىڭ باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ پايدىسى يوق. پاپىروس تەركىپىدە راك پەيدا قىلىدىغان ماددا بارلىقى پەن تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى ۋە بۇنى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭدىن تاماكىنىڭ كىشىلەرنىڭ تەن-سالامەتلىكىگە ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئەپيۇن چېكىش قەتئىي مەنئىي قىلىنغاندىن باشقا، ئومۇمەن ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي سالامەتلىكىگە، جامائەتكە زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرۇلىدۇ، ئوخشاشلا تاماكا چېكىشنىمۇ يامان كۆرىدۇ، ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە بىرمۇنچە كىشىلەر بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇنى ئېنىق تونۇپ يەتمىدى.

تاماكىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئاران 400 يىل بولدى. كولۇمبۇ يېڭى چوڭ قۇرۇغلۇقنى تاپقاندا، ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ھەمراھى كۇبانىڭ ئىچكى رايونىدا ئارالدا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن ياسالغان تاماكىنى چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىقىش بىلەن ئاشۇ ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى كېمىگە ئېلىپ كەلگەن، دېڭىزچىلار ئۇنى قۇرۇقلۇققا تارقاتقان، كېيىن فرانسىيىلىك روئەن نىكو دېگەن كىشى ئۇنى ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن فرانسىيىگە ئېلىپ كىرگەن. تاماكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمان دۆلەتلەر مەسچىتتە تاماكا چېكىشنى مەنئىي قىلىشنى بەلگىلىگەن.

1828-يىلى، ھېيدىلبېرگ داشۆسىنىڭ ئالىمى بوسات بىلەن رىمان كۆك تاماكىدىن بىئوئىشقار ــ نىكودىننى ئايرىپ چىقىپ، كۆك تاماكىنىڭ زىيىنىنى تاپتى. بۇنىڭ بىلەن، بىرمۇنچە دۆلەتلەر تاماكىنى چەكلەش پەرمانلىرىنى ئېلان قىلدى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، تاماكىنىڭ ئىستېمال مىقدارى تېز ئېشىپ باردى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ زىيىنىغا بولغان دىققىتى ئالاھىدە ئېشىپ باردى. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بايقالدىكى، ئۆپكە، لەۋ، تىل، ئېغىز، گال ۋە بوغۇز قاتارلىق ئەزالاردا بولىدىغان راك كېسەللىكىنىڭ تاماكا چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىكەن؛ يۈرەك سانجىقى، غول قىزىل تومۇر ئۆسمىسى، سوزۇلما كاناي ياللۇغى، ئۆپكە يەل ئىششىقى ۋە ھەزىم خاراكتېرلىك يارا قاتارلىق كېسەللىكلەرمۇ تاماكا چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەتقىقات نەتىجىسى شۇنىمۇ ئىسپاتلى-

# ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا قىسقىچە خەۋەرلەر

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارغا يەنە بىر قېتىم ماددىي ياردەم بەردى

ژۇرنىلىمىزنىڭ خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پاكىستاندىكى ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارغا ياردەم بەرگەن يەنە بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيالارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى پاكىستان مۇساپىرلار مەھكىمىسىدە 1987-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەھكىمە باشلىقى راخماننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئېلىمىزنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تيەن دىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ماددىي ئەشيالارنى ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە سۆز قىلدى؛ مەھكىمە باشلىقى راخمان سۆز قىلىپ پاكىستان ھۆكۈمىتى نامىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پاكىستاندىكى ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارغا ماددىي ئەشيا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ مۇنداق دېدى: بۇ پاكىستان خەلقى ۋە ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارغا بولغان دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى؛ جۇڭگو ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالار تازا جانغا ئەسقاتىدۇ، ئافغانىستانلىق مۇساپىرلار بۇ نەرسىلەرگە تازا ئېھتىياج-

---

دىكى، تاماكا چەكمەيدىغان كىشىلەر تاماكا ئىسى قاپلاپ كەتكەن ئۆيدە بىر سائەت تۇرسا، توققۇز — ئون تال تاماكا چەككەن بىلەن باراۋەر بولغان ئامىنلىق مىنىرتىنى قوبۇل قىلىۋالىدىكەن، دېمەك تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن تاماكا چەكمەيدىغانلارنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىكەن. بۇنىڭدىن تاماكىنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان زىيانلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تاماكا چەكمەيدىغان ئوبدان ئادەت ۋە ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، بىز جۇڭگولۇق ئاخۇنۇملار مۇسۇلمانلارنىڭ تاماكا چېكىشىگە قارشى تۇرىمىز، مەسچىتتە تاماكا چېكىشنى قاتتىق چەكلەيمىز، بۇنداق قىلىش تامامەن توغرا. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "كىشىنى مەس قىلىدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى هارام" دېگەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بارلىق مەس قىلغۇچى دورىلارنى ۋە كىشىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئېخىمۇ مەنئى قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندىمۇ، تاماكا چېكىش كىشىگە زىيانلىق، شۇڭا بىز ئۇنى چەكلىشىمىز كېرەك.

قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار، بىز ئىچى-تېشىمىزنىڭ پاك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىكەنمىز، تاماكا چېكىشنى قاتتىق چەكلىشىمىز، تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىنى تەشۋىق قىلىپ، تاماكا چەككۈچىلەرنى تاماكىنى تاشلاشقا دەۋەت قىلىشىمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، تەن ساغلاملىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم، بۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى.

لىق ئىدى. مەھكىمە باشلىقى راخمان پاكىستان ـ جۇڭگو دوستلۇقىنى ۋە جۇڭگونىڭ پاكىستاندىكى ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارغا شۇنچە ماددىي ئەشيا ياردەم قىلغانلىقى پاكىستان ـ جۇڭگو دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە ئۈزىغۇن كېلىدىغانلىقىنى ماختىدى.

ياردەم قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىغا دائىر ئەھۋاللارنى پاكىستان ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە پاكىستان بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرلىرى نەق مەيداندىن خەۋەر قىلدى.

ياردەم قىلىنغان ماددىي ئەشيالار ئىچىدە تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئوقۇش ئەسۋابلىرى قاتارلىق نەرسىلەر بار.

(يى دىڭ)

## يىجېڭ شەھىرىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

جياڭسۇ ئۆلكىسى يىجېڭ شەھىرى 1987 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جېنجۇ ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي مەسچىتتە بىرىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا بىر بازار، ئۈچ يېزىدىن ۋە خۇاچيەن، خۇاشىڭ شىركىتىدىن كەلگەن 30 نەپەر مۇسۇلمانلار ۋەكىلى، جياڭسۇ ئۆلكىسى، ياڭجۇ شەھىرى، يىجېڭ شەھىرى ۋە گاۋيۇ ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكلىپ قىلىنغان 28 نەپەر ۋەكىلى قاتناشتى.

يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ «قارارى» ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «نىزامنامىسى» ماقۇللاندى ھەمدە دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق خۇا يىفۇ مۇدىر، ۋۇ شيەنگو، ما جىلياڭ، بيەن جيالۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، شۈ يۈەنىڭ باش كاتىپ بولغان، يەتتە نەپەر ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان يىجېڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاندى. يىغىندا كېيىنكى خىزمەتلەر تەبىئىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(خەن مو)

## يۈيشيەن ناھىيىسىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

يۈيشيەن ناھىيىسى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ناھىيىدىن قاقلانغان تاماكا، فار ـ فور قاچا ـ قۇچىلار، كۆمۈر، ئاليۇمىن قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەملىكەت بويىچە جۇڭگو دورا ماتېرىياللىرى بازىرى بولۇپ، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر كۆپ كېلىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ خۇيزۇ بار، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، 1984 ـ يىلى ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىدى، ئۈچ يىل خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە 18 مەسچىت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە مەسچىتلەرگە ئىمام تەكلىپ قىلىندى.

1987-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە، يۈيشيەن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 39 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى. يىغىندا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ كېڭىشىش ئارقىلىق ئەي شىنرۇڭ مۇدىر، ياڭ گورۇي، لۇ گۈيجېن، ۋاڭ شياڭپۇ، با سۇگىتىڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاندى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاتلاندۇرىدۇ، شۇنىڭدەك كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

(ياڭ يۇرۇڭ)

## لەنجۇ شەھىرىدە ئۈچىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1987-يىل 9-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا لەنجۇ شەھىرىدە ئۈچىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا شەھەر بويىچە 71 مەسچىت، گۈمبەز ۋە ئالاقىدار ساھەلەردىن كەلگەن يۈزدىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە شەھەردىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ما شۆخەي يىغىنغا كېلىپ، يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەن ئۈچ يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىجىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈستىدە تەكلىپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ۋەكىللەر يەنە مەسچىت باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە) ۋە مەسچىت چىقىمىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق قامداش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كېڭىشىش ئارقىلىق يىغىندا ماۋېنجۇن پەخرىي مۇدىر، جاڭ دېلىن مۇدىر، ياڭ سېن، ما دېلىن، بەي جۈنجەي، مېي زىچاڭ (قوشۇمچە باش كاتىپ) مۇئاۋىن مۇدىر بولغان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

(ياڭ گۇاڭرۇڭ)

## شۆندیەن ناھیيسدە ئىسلام جەمئيیتی قۇرۇلدی

یۇننەن ئۆلكسی چۇجلڭ ۋىلایيتی شۆندیەن خۇیزۇ-یىزۇ ئاپتونوم ناھیيلىك بىرىنچی قېتىملىق ئىسلام دىنی ۋەكىللىری یىغىنی 1987-یىل 10-ئاینىڭ 16-كۇنىدىن 20-كۇنگىچە شۆندیەن ناھیيسدە ئۆتكۈزۈلدی. یىغىنغا ناھیيە بویىچە ئىسلام دىنی ساھەسىدىكی 58 نەپەر ۋەكىل قاتناشتی. ئۆلكىلىك، ۋىلایيەتلىك ۋە ناھیيلىك مۇناسۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىری یىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدی، یۇننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئيیتی ئادەم ئەۋەتىپ یىغىننی تەبرىكلىدی ۋە ئۇ یىغىندا سۆز قىلدی.

یىغىندا "ناھیيلىك ئىسلام جەمئيیتىنىڭ نىزامنامىسی" ماقۇللاندی ھەمدە دېموكراتىك كېڭەشىش ئارقىلىق ما ۋېيجۇن پەخری مۇدىر، دوڭ جەنخۋا مۇدىر، ما یۇگاۋ مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ما رېنلۇڭ باش كاتىپ بولغان شۆندیەن ناھیيلىك ئىسلام جەمئيیتىنىڭ بىرىنچی نۆۋەتلىك مۇدىرىیيتی سایلاپ چىقىلدی.

(ما كەینېڭ)

## چاڭدې ۋىلایيتىدە ئىسلام دىنی ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسی قۇرۇلدی

خۇنەن ئۆلكىسی چاڭدې ۋىلایيەتلىك ئىسلام دىنی ۋەكىللىری یىغىنی 1987-یىل 10-ئاینىڭ 12-كۇنىدىن 14-كۇنىگىچە چاڭدې شەھىری مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدی، یىغىنغا ۋىلایيەت بویىچە ئالتە ناھیيە ۋە شەھەردىن كەلگەن 36 نەپەر خۇیزۇ، ئۇیغۇر ۋەكىل قاتناشتی.

یىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر «چاڭدې ۋىلایيتی ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقی باسقۇچلۇق خىزمەت ئەھۋالی ۋە بۇندىن كېیىنكی ۋەزىپىلىری» دېگەن تېمىدىكی دوكلاتىنی ئاڭلىدی؛ «چاڭدې ۋىلایيەتلىك ئىسلام دىنی ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسىنىڭ نىزامنامىسی»نی مۇھاكىمە قىلدی ۋە ماقۇللىدی؛ یىغىندا كېڭەشىش ئارقىلىق ما داۋمېي ئاخۇنۇم گۇرۇپپا باشلىقی، ما مىڭچۈەن، خۇاڭ شۇتاڭ، خۇاڭ رېنجۇڭ، جیەن ۋەنگۈي مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقی بولغان، سەككىز نەپەر ئالاقىچىدىن تەركىب تاپقان چاڭدې ۋىلایيەتلىك ئىسلام دىنی ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسی سایلاندی

ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئيیتی، ۋىلایيەتلىك، ناھیيلىك ۋە شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىری تەكلىپكە بىنائەن یىغىنغا قاتناشتی. چاڭدې ۋىلایيەتلىك، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈملىری، چاڭدې شەھەرلىك سیاسی كېڭەشنىڭ مەسئۇللىری بارلىق ۋەكىللەرنی یوقلىدی ھەم ۋەكىللەرگە چای بەردی.

(ما یاۋفاڭ)

## خۇەيیڭ شەھىرىدە بىرىنچی قېتىملىق ئىسلام دىنی ۋەكىللەر یىغىنی ئۆتكۈزۈلدی

جیاڭسۇ ئۆلكىسی خۇەيیڭ شەھەرلىك بىرىنچی قېتىملىق ئىسلام دىنی ۋەكىللىری یىغىنی

1987 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 13 ناھىيە (رايون) دىن كەلگەن 37 نەپەر مۇسۇلمان ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا خۇەيبېيلىك شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، خۇەيبېيلىك شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە يىغىن قارارى ماقۇللاندى، سايلام ئارقىلىق خۇەيبېيلىك شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇللىرى ۋۇجۇتقا كەلدى. گې ۋېيلى مۇدىر، ما دېيى مۇئاۋىن مۇدىر، جىن يۈەن باش كاتىپ، دىڭ رۇڭباۋ مۇئاۋىن باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى.

يىغىن ئېچىلغان چاغدا، خۇەيبېيلىك شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۈي چېيەن ۋەكىللەرنى يوقلىدى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى. خۇەيبېيلىك شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، شەھەرلىك مىللىي ـ دىنىي ئىشلار باشقارمىسى قاتارلىق ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا كېلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (لى چۈنگۇاڭ)

## بېيجىڭ شەھىرى داشىڭ ناھىيىسىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

داشىڭ ناھىيىلىك ئۈچىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پايتەختنىڭ ھەمشىرە شەھىرى ـــ خۇاڭسۈن شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 76 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بېيجىڭ شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شاجىيۈەن، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئەن شىۋېي ئاخۇنۇم ۋە داشىڭ ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا كېلىپ، يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ما ۋەنچېڭ ئاخۇنۇم يىغىنغا ئىسلام جەمئىيىتى گۇرۇپپىسىنىڭ تۆت يىللىق خىزمىتى ئۈستىدىن دوكلات بەردى.

يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 21 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، توققۇز نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاندى؛ ما ۋەنچېڭ ئاخۇنۇم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، چۈي گوجۇڭ، گەن ليەنيۈەن، چېن شۆۋېن مۇئاۋىن مۇدىرى، چۈي گوجۇڭ قوشۇمچە باش كاتىپى، جاڭ جۇلەن ئاخۇنۇم پەخرىي مۇدىرى بولۇپ سايلاندى. (شى يېپىڭ)

## خېنەن ئۆلكىسىدە ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

خېنەن ئۆلكىلىك ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە جېڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئۆلكە بويىچە 17 ۋىلايەت ۋە

شەھەردىن كەلگەن 90 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 65 نەپەر ئىمام، 10 نەپەر مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى، 15 نەپەر ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى بار.

يىغىندا بەشىنچى قېتىملىق جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاندى ۋە قاراپ چىقىلدى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «مەسچىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلىدىغان چارىلىرى» تۈزۈلدى، گەي شىمىڭ مۇدىر، فەن خاۋگۇ، جاڭ شۆجى، جۇيەنلىڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاندى.

گۇرۇپپا بويىچە مۇزاكىرە قىلىش ۋە يىغىندا سۆزگە چىقىش داۋامىدا، ۋەكىللەر سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى؛ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي، دىنىي سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكى ۋە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتى جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈستىدە كەڭ- كۇشادە سۆزلەشتى. ۋەكىللەر يىغىن ئارقىلىق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇپ، خېنەن ئۆلكىسى ئىسلام دىنى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئىشەنچىنى چىڭىتتى.

(جىن لىشىن، دىڭ شىشيۇ)

## جاڭجياچۇەن ناھىيىسىدە ئۈچىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭجياچۇەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك ئۈچىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987- يىل 11- ئاينىڭ 17- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە جاڭجياچۇەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مېھمانخانىسىدا تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ناھىيە بويىچە 19 يېزا ۋە بازاردىن كەلگەن 250 نەچچە مۇسۇلمان ۋەكىل قاتناشتى.

گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مافۇ، لەنجۇ ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما جۇڭشۈن، تيەنشۈي شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، تيەنشۈي شەھەرلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، جاڭجياچۇەن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قاتارلىق

ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە، ۋەكىللەر يولداش جاۋ زىياڭنىڭ پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى؛ جاڭجياچۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىككىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى؛ جاڭجياچۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى؛ يىغىندا سايلام ئارقىلىق ما شاڭيى مۇدىر، ماۋ شېڭرۇڭ، ما جىشۈەن، ما ۋېنخەن، ما ۋېنشۈ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، 17 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلدى.

يىغىندا جاڭجياچۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە جاڭجياچۈەن بازىرى شىگۈەنسۈن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى قاتارلىق 10 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە دىڭ پۇرېن قاتارلىق 30 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. (لى ۋەنفېڭ، ۋاڭ يىڭچىڭ)

## لاڭفاڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

لاڭفاڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 1987 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە لاڭفاڭ شەھرىدىكى نەنشياۋجيې مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 17 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى ۋە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر قاتناشتى، يىغىندا كۆپچىلىك يولداش جاۋ زىياڭنىڭ 13 - قۇرۇلتايدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە بۇ ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ما جېڭۋۇ ئاخۇنۇم مۇنداق دېدى: 13 - قۇرۇلتايغا ئىسلام دىنى ساھەسىنىڭ ۋەكىلى سىرتتىن قاتناشتى، بۇ پارتىيىنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا ئىشىنىدىغانلىقى ۋە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ياردەملىشىپ ئىشلىگەن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سەممىي خىزمەت قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئىلتىپاتىغا جاۋاب قايتۇرالايمىز.

يىغىندا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەن گوجېڭ ئاخۇنۇمنىڭ 1987 - يىللىق خىزمەتتىن قىلغان خۇلاسىسى ماقۇللاندى، يىغىندا يەنە دىنىي ئىشلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1988 - يىللىق خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يىغىن داۋامىدا، ۋىلايەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش يۈي گۇاڭيىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى يوقلىدى ۋە 13 - قۇرۇلتاينىڭ ھۆججىتىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا يېتەكچىلىك قىلىش دوكلاتى بەردى. (جاڭ يۈجۈن)

## كەيفېڭ شەھىرىدە ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھەرلىك ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى 1987-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە كەيفېڭ شەھىرىدىكى دۇڭداسى مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا شەھەر رايونى ۋە شەھەرگە قاراشلىق كەيفېڭ، لەنكاۋ، تۇڭشۈي، جىشيەن ناھىيىلىرىدىن كەلگەن 70 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا خېنەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى جۇ فاشياڭ بەرگەن خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ سايلام ئارقىلىق 25 كىشىدىن تەركىپ تاپقان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلدى، جۇ فاشياڭ پەخرىي مۇدىرلىققا، لى ۋېنجاڭ مۇدىرلىققا، لەن يۈتيەن، ما كۈەن، گوچىڭشىن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، مۇ چاڭفا باش كاتىپلىققا سايلاندى.

ۋەكىللەر بىردەك، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھازىر شەھەر بويىچە 46 ئەرلەر مەسچىتى ۋە ئاياللار مەسچىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى دەپ ھېسابلىدى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ قەرەللىك ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئۈزۈلدۈرمەي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەرنى، 13-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇشىغا پائال تۈرتكە بولىمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نىزامنامىسى ۋە مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى (سىناق نۇسخىسى) ماقۇللاندى.

يىغىندا شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى سۆز قىلدى، يىغىن يېپىلغان چاغدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋەكىللەرنى يوقلىدى ھەم ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(مۇمىن)

## شەنشى ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى

شەنشى ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان ئىسلام دىنىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى 1987-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى شىئەن شەھىرىدىكى خۇاجۆخاڭ جامە-

سدە ئوقۇش باشلىدى.

بۇ كۇرسقا ئۆلكە بويىچە ئون ۋىلايەت ۋە شەھەردىن كەلگەن 18 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان 40 نەپەر ئىسلام دىنىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خادىمى قاتناشتى. كۇرسانتلار ئاساسەن دىنىي سىياسەت، ئىسلام دىنىغا دائىر ئاساس ساۋاتلارنى ئۆگىنىدۇ، ئوقۇش ئۈچ ئاي داۋام قىلىدۇ.

(ماكېر)

## چىنخۇاڭداۋ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاسساپلارغا لاياقەت گۇۋاھنامىسى بەردى

چىنخۇاڭداۋ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1987-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شەنخەيگۇەن مەسچىتىدە يىغىن ئېچىپ قاسساپلارغا لاياقەت گۇۋاھنامىسى بەردى؛ يىغىنغا شەھەر، خەيگاڭ رايونى، شەنخەيگۇەن رايونى، چاڭلى ناھىيىسى ۋە لۇلۇڭ ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى قاتناشتى.

چىنخۇاڭداۋ شەھىرى بويىچە قاسساپلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشى ئاياقلاشتى. شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى بەش نەپەر قاسساپقا لاياقەت گۇۋاھنامىسى بەردى.

يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان مىللىي-دىنىي سىياسىتىگە كۆپ رەھمەت ئېيتتى.

يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قاسساپلارغا لاياقەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىش شەھىرىمىزنىڭ «مۇسۇلمانلار ئىستېمال قىلىدىغان كالا-قوي گۆشى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خۇسۇسىي تەنزىكەشلەرنىڭ كالا، قوي سويۇشنى مەنئى قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئىجرا قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق بەلگىلەندى: پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئاساسەن، ئومۇمەن مۇسۇلمانلار ئىستېمال قىلىدىغان كالا-قوي گۆشى، توخۇ گۆشى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خۇسۇسىي تەنزىكەشلەر كالا، قوي ۋە توخۇنى مەسچىتلەردىكى قاسساپلارغا سويدۇرۇشى، سويدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قاسساپلاردىن ئىسپات ئېلىشى كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سويۇشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇلىدۇ، تەربىيە بەرىسمۇ تۈزەتمىگەنلەرنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى بىكار قىلىنىدۇ.» "باشقا جايلاردىن شەھىرىمىزگە كېلىپ مۇسۇلمانلار ئىستېمال قىلىدىغان كالا-قوي گۆشى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خۇسۇسىي تەنزىكەشلەر شۇ جايدىكى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋە سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ گۇۋاھنامىسىنى ئالغان بولۇشى، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئاندىن سېتىشى كېرەك."

(ليۇ جىنگخۇڭ)

# خاربىن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقانلارنى تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىردى

خاربىن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى پۈتۈن شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنى ئورتاق غايە ئارقىلىق سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، 1987 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقانلارنى تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاش يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 100 نەچچە مۇسۇلمان قاتناشتى.

يىغىندا سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان 24 نەپەر ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە كېسەللەرنىڭ غېمىنى يەپ، جان ـ دىل بىلەن كېسەللەر ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرمۇ، پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ خىزمەتتىن چېكىنمەي، خۇيزۇ يەسلىسى ئاچقان باللار مائارىپى خادىملىرىمۇ، ئىسلاھات داۋامىدا كۆتۈرۈڭگە ئېلىش، ئىجارىگە ئېلىش ئىشلىرىنى ئوبدان ئېلىپ بارغان كارخانا دىرېكتورلىرىمۇ بار، ۋەتەننى سۆيىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلغان، ئاكتىپلىق بىلەن باج تۆلىگەن كالا ـ قوي گۆشى ساتقۇچىلار ھەم ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، مەسچىتنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈپ ئىشلىگەن دىنىي خادىملارمۇ، دىنىي ئىشلارنى قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن يۇرت ئاقساقاللىرىمۇ بار. يىغىندا بەش نەپەر يولداش سۆزگە چىقىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ۋە تەسىراتلىرىنى تونۇشتۇردى.

يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، خاربىن شەھىرىدىكى داۋۋەي مەسچىتىنىڭ ئىمامى جېڭ لۇڭخۇي سۆز قىلدى، شەھەرلىك مىللىي ـ دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما يۇنرۇڭ يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى ۋە قانداق قىلىپ دىننى سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۆھپە قوشىدىغان قىلىش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا مۇكاپاتلانغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىلدى.

يىغىندا يەنە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار سۆھبەت ئۆتكۈزدى، يىغىنغا قاتناشقانلار بىردەك، يىغىن ناھايىتى ئوبدان ئېچىلدى، كۆپ تەربىيە ۋە ئىلھام ئالدۇق، غەيرىتىمىز قوزغالدى دەپ ھېسابلىدى، شۇنىڭدەك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ھەرگىز يەردە قويماي، تىرىشىپ ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

(ياڭ مىن)

# كۇنمىڭ ئىسلام شۆيۈەنى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

ما كەيىڭ

1987 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كۇنمىڭ ئىسلام شۆيۈەنى كۇنمىڭ شەھىرى شۇنچېڭ كوچىسى مەسچىتىدە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

كۇنمىڭ ئىسلام شۆيۈەنى يۈننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1985 ـ يىلدىن باشلاپ تەييارلىق قىلىپ قۇرغان ئىسلام دىنى بويىچە غەربىي جەنۇب رايونىدىكى تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ يۈننەن، گۈيجۇ ۋە سىچۈەن ئۆلكىلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. ۋەتەننى سۆيىدىغان، جۇڭگو كوممۇ- نىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، بىرقەدەر كۆپ دىنىي بىلىم ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى بىلىدىغان، ئىختىيارلىق بىلەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئىماملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يىل بۇ شۆيۈەنگە ئوقۇشقا كىرگەن 46 ئوقۇغۇچى بىرىنچى قارارلىق ئۈچ يىللىق سىنىپتا ئوقۇيدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەن- دىن كېيىن، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە ئىسلام شۆيۈەنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار پرىنسىپ جەھەتتە ئۆز جايىدىكى مەسچىتكە قايتىپ ئىمام بولىدۇ.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى دىنىي مۇراسىم بويىچە ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمدا يۈننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ما خۇيتىڭ سۈرە پاتىھەنى قىرائەت قىلدى، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ لىيەنفاڭ سۆز قىلدى، ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى داۋ گودۇڭ، ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ كېچېڭ ۋە ئۆلكە، كۇنمىڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

مۇراسىمغا مەخسۇس تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن سىچۈەن ۋە گۈيجۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنىڭ- دەك بۇ ئىككى ئۆلكىدىكى دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

# جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنىدە ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەر ۋە ۋەز ئېيتىش بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى

ۋەتەننىمۇ، دىنىنىمۇ سۆيىدىغان دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش مەقسىتىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئۈچۈن، جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنى 1987-يىل 11-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەر ۋە ۋەز ئېيتىش بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاخۇنۇملارنىڭ ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئوبدان باھاسىغا ئېرىشتى.

ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى دىنىي ئېتىقاد، پەلسەپە، تارىخ، فىقھە، بەش پەرز، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاساسەن 1-، 2-يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ دائىرىسىدە تاللاندى. مۇسابىقىدە 65 سوئال چىقىرىلدى، بۇ سوئاللار چوقۇم جاۋاب بېرىلىدىغان سوئاللار، گۇرۇپپىلار تالىشىپ جاۋاب بېرىدىغان سوئاللار ۋە شەخسلەر تالىشىپ جاۋاب بېرىدىغان سوئاللار دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلدى. مۇسابىقىدە 34 نەپەر ئوقۇغۇچى يەتتە گۇرۇپپا قىلىپ ئايرىلدى.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پات ئارىدا ئىماملىق ئورۇنلىرىغا ئاتلىنىپ، مۇسۇلمانلارغا ۋەز ئېيتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش پۇرسىتى تۇغدۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە، ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسىمۇ ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ھەربىر ئوقۇغۇچىدىن ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى يېزىپ چىقىش تەلەپ قىلىندى، سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان بەزى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلار ياردەملەشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، 34 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى سۆزلىمەكچى بولغان ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى يېزىپ تاپشۇردى. كېسەل سەۋەبىدىن رۇخسەت سورىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 32 ئوقۇغۇچى تەرتىپ بويىچە سەھنىگە چىقىپ ۋەز ئېيتتى. ئۇلار ئېيتقان ۋەزنىڭ مەزمۇنى ئالتە ئېتىقاد، بەش پەرز، تارىخ، فىقھە، مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھ مەسىلىسى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بۇ قېتىمقى ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسىدە ساۋاقداشلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مەنتىقىلىق تەھلىل يۈرگۈزدى، بولۇپمۇ بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇلار ۋەز ئېيتقاندا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە تېبابەتچىلىككە دائىر بىلىملەرنى سىڭدۈرۈپ ۋەز ئېيتقاچقا، ئۇلارنىڭ ۋەزلىرى ناھايىتى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ، ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئوبدان پايدىسى تەگدى.

ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن جېڭجۇ شەھىرىدىكى شىمالىي كوچا، شىمالىي تۆۋەن كوچا ۋە ئازاد كوچىسىدىكى ئۈچ مەسچىتنىڭ تۆت نەپەر ئىمامىدىن تەركىب تاپقان باھالاپ نومۇر قويۇش ھەيئىتى باھالاپ نومۇر قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

ئىماملار ئوقۇغۇچىلار ئېيتقان ۋەزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ”ئوقۇغۇچىلار قالتىس ئىكەن، ئۇلار ۋەز ئېيتقاندا پەندىنمۇ، دىنىدىنمۇ سۆزلىيەلەيدىكەن، سۆزلىرى جايىدا ئىكەن، ئىلىم-پەنگە دائىر شۇنچە كۆپ بىلىملەرنى بىلىدىكەن، ھەقىقەتەنمۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ دولقۇنى ئوركەشلەپ مەۋج ئۇرغانغا ئوخشاش يېڭىدىن يېتىلگەن ئەۋلادلار ئۆزىدىن چوڭلارنى بېسىپ چۈشىدىكەن ئەمەسمۇ، بىز پېشقەدەم ئىماملار ئەمدى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنمىسەك ۋەزىيەتتىن كېيىن قالغىدەكمىز!“ دېيىشتى.

مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى شىمالىي تۆۋەن كوچا مەسچىتىدىكىلەر ئىككى ئوقۇغۇچىنى جۈمە نامىزىدا جامائەتكە ۋەز ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا شىمالىي كوچا مەسچىتىدىكىلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارنى يۇرت ئاقساقاللىرىغا ۋەز ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەز ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىر نەچچە مەسچىتنىڭ ئىماملىرى تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئېيتقان ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى ماشىنكىدا ئۇرۇپ، قوللانما قىلىپ تۈپلاپ تارقىتىپ بېرىشنى بەس-بەس بىلەن تەلەپ قىلدى.

مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا، ئىماملار ۋە ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ رەھبەرلىرى بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلارغا مۇكاپات بۇيۇمى ۋە خاتىرە بۇيۇمى تارقاتتى.

جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنى

1987-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى

## جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسچىتلەرنىڭ ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى

جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1987-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە شۈيجۇ شەھىرىدە مەسچىتلەرنىڭ ئۆزچىقىمىنى ئۆزكىرىمى بىلەن قامداش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا ھەرقايسى شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن 18 كىشى قاتناشتى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك مىللىي-دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ بىڭدو يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى بەزى شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى مەسچىتلەرنىڭ راسخوتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1980 يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سانائەت، سودا ئىشلىرىنى يولغا قويدى. ئۇلار قۇرۇق قول بىلەن ئىش باشلاپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىسىدا، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۈيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى سىرزاۋۇتى، يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىل، موتوسىكلىت رېمونت زاۋۇتى، ئۇششاق مېتال بۇيۇملىرى ماگىزىنى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى قاتارلىقلارنى قۇردى، بۇ كارخانا، ماگىزىنلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 200دىن ئاشىدۇ، 1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، دۆلەتكە 200 نەچچە مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 380 مىڭ يۈەن پايدا تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۈيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداپلا قالماستىن، تېخى پۇل ئاجرىتىپ سەررابىقا زامانىۋى يۇيۇنۇش ئۈسكۈنىلىرىنى، بارلىق مەسچىتلەرگە ئىسسىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورناتتى ھەمدە مۇسۇلمانلار زەراتكارلىقىدا توسما تام قوپۇردى، يەرلىكلەرنى كولاپ تەييارلاپ قويدى. لىيوخې ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسچىتنىڭ ئاۋات بازاردا بولۇشىدەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئىشنى يايمىچىلىقتىن باشلاپ، 30 نەچچە ئىشچى-خىزمەتچىسى بولغان چوڭ كوللېكتىپ كارخانىسىنى — لىيوخې ناھىيىلىك مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەكلىكلەر دۇكىنىنى قۇرۇپ چىقتى. جياڭنىڭ ناھىيىسى خۇشۇ بازىرىدىكى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇسۇلمانچە ئاچا سەي دۇكىنى ۋە مۇسۇلمانچە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى ئاچتى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىككى ئورۇندىكى كارخانىلارنىڭ پايدىسى مەسچىتلەرنىڭ ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامدايدىغان راسخوتىنىڭ ئىشەنچلىك مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇكارخانىلارنى ئاچقان ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا سۆز قىلىپ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، بارلىق ۋەكىللەر شۈيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزەتتى ھەمدە تەجرىبە ئالماشتۇردى. بۇقېتىمقى مەسچىتلەرنىڭ ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان مەخسۇس مەسىلە ئۈستىدە چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق يىغىن بولۇپ، ئۇ ۋەكىللەرنىڭ ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆز چىقىمىنى قامداشقا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى، بۇ پۈتۈن ئۆلكىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۆز چىقىمىنى ئۆزكىرىمى بىلەن قامداش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگۈسى.

(جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

# شۇيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ليۇخې ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە خۇشۇ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزكىرىمى بىلەن قامداش جەھەتتە يېڭى يول ئاچتى

شۇيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ليۇخې ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە خۇشۇ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، ئۆزىنى ئۆزكىرىمى بىلەن قامداش ئىشىنى ئوبدان يولغا قويدى، بۇنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

**شۇيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى** 1982-يىلدىن باشلاپ كارخانا باشقۇرۇشقا باشلىغانىدى، بىرنەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىسىدا، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سىرزاۋۇتى، يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىل، موتۇسىكلىت رېمونت زاۋۇتى، جيەنگو مېتال-ئېلېكتىر ئەسۋابلىرى-خىمىيە بۇيۇملىرى دۇكىنى، مىنجۇ مېتال-ئېلېكتىر ئەسۋابلىرى-خىمىيە بۇيۇملىرى دۇكىنى، مۇسۇلمان يېمەكلىكلىرى ماگىزىنى، ساڭزا گۇرۇپپىسى ۋە مانتا گۇرۇپپىسى قاتارلىق سەككىز كارخانا بارلىققا كەلدى، بۇ كارخانىلاردا 283 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە 64 نەپەر خۇيزۇ ياش، 18 نەپەر باشقۇرۇش خادىمى بار. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بۇكارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى تۆت مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەتكە 200 نەچچە مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 380 نەچچە مىڭ يۈەن پايدا تاپتى.

كارخانىلار تاپقان پايدىنى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇپ، بىرقىسمىنى كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا، بىر قىسمىنى ئۆزىنى قامداشقا ئىشلەتتى. ھازىر، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەسچىتكە لازىمەتلىك جاھازىلارنى ئالدى، تېلېفون ئورناتتى، سۇخانا سالدى ۋە پار ئۇسكۈنىلىرى ئورناتتى، سەراپقا سۇ تۇرۇبىسى ئورناتتى، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان قىش كۈنلىرىدە جيەنگو كوچىسى مەسچىتىدىكى خانىقا، سەراپ ئىچى ئىسسىق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيىتىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى.

شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنە تاپقان پايدىدىن ئون نەچچە مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، مۇسۇلمانلار زىيارەتكارلىققا توسما تام ياساپ بەردى، گۆر، لەھەت ۋە قەبرە تېشى قاتارلىقلارنى تەييار قىلىپ قويۇپ، ھېيىپنى كەلگەن ھامان دەپنە قىلالايدىغان بولدى. بۇنى كەڭ مۇسۇلمانلار ئالقىشلىدى.

شۇيجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، كارخانا باشقۇرۇشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىش؛ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بار ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كارخانا باشقۇرۇش،

ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنىڭ يولىنى تېپىش جەھەتتە ئىزدىنىش تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. مەسىلەن، دەسلەپتە ساڭزاگۇرۇپپىسى قۇرۇش ئىشى ئىشقا ئاشماي قالدى، تېرە زاۋۇتىمۇ بازار باھاسىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن ئىشقا ئاشماي قالدى. كېيىن دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە سانائەت، سودا بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن بولۇپ، ئۇلاردا داۋاملىق تۆردە ھەسسە قوشۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقى سېزىلدى، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇلار تەكلىپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

لىۇخې ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، لىۇچېڭ مەسچىتى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئۆز ئۆزىنى قامداش خىزمىتى 1980-يىلدىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، ئۇلار بىر نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق كۆلىمى 200 كۋادراد مېتىر كېلىدىغان، 30 نەچچە ئىشچى-خىزمەتچىسى بولغان لىۇخې ناھىيىلىك مۇسۇلمان سوغۇق ئىچىملىكلىرى دۇكىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۇنىڭ تىجارەت سوممىسى 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭدىن 30 مىڭ يۈەن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىگە تاپشۇرۇلدى. ئەسلىدە كونىراپ كەتكەن مەسچىتتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىرەر جوزا، ئورۇندۇققۇ يوق ئىدى. ھازىر ئۆز ئۆزىنى قامداش خىراجىتى بولغانلىقتىن، مەسچىت پۈتۈنلەي يېڭى تۈس ئالدى، دەرسخانا ۋە ئىشخانىلارغا يېڭى جوزا، ئورۇندۇق، سافا ئېلىندى، تېلېفون ئورنىتىلدى، بۇنىڭدىن باشقا ھويلىدىكى شىپاڭ رېمونت قىلىندى، يەنە سەراپىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

لىۇخې ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى قامداش خىزمىتىدە باشلىنىش، ئىلگىرىلەش يارىتىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. ئىش باشلىغان چاغدا، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ بىرنەچچە ئەزاسى ئۈچ مىڭ يۈەن توپلاپ، بىردانە بىڭگۇر ياساش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، بىڭگۇر زاۋۇتى قۇردى؛ ياز كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەسچىتنىڭ يېنىدا تەنزە قۇرۇپ يۈەنشياۋ قاتارلىق تاتلىق يېمەكلىكلەر ساتتى، شۇنداق قىلىپ يەتتە مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىۋالدى. ئۇلار ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى قامداش فاڭجېنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇپ، داۋاملىق ئىشلەش قارارىغا كەلدى. ئىلگىرىلەش يارىتىش باسقۇچى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى توسما تامنى ئۆرۈپ تاشلاپ، مەسچىتنىڭ ئۆيلىرىدىن پايدىلىنىپ يېمەكلىكلەر دۇكىنىنى ئېچىشتىن باشلانغان بولۇپ، ئوقەت قىلىنغانسېرى ئىشى جانلىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ غەربىي ۋە ئارقا تەرىپىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيىنى ئۆزگەرتىپ ماگىزىن ئېچىپ، تاتلىق يېمەكلىكلەر، قەن-گېزەك سېتىشتىن باشقا، ھۆرمەل چاي، ماخار، دۇفۇ قاتارلىقلارنى ساتىدىغان بولدى، كېيىنچە چۆپ چىقىرىش ماشىنىسى ئېلىپ، ئامما ياخشى كۆرىدىغان ھەرخىل كەڭ چۆپ چىقىرىپ ساتتى، مىللىي تەملىك ئۆردەك شورپىسى ساتتى، بۇنى مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، خەنزۇلارمۇ تالىشىپ ئىچتى. ھازىر بۇ كارخانا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە تىجارەتنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغان ئىسلاھات باسقۇچىدا كېتىۋاتىدۇ. 1987-يىل 7-ئايدا، ناھىيىلىك

پىلان كومىتېتى ئۇنى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانا قىلىشنى تەستىقلىدى، ھازىر ھەممە ئىش نورمال كېتىۋاتىدۇ، ئۇ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىگە ئۈزۈلمەي خىراجەت يەتكۈزۈپ بەرمەكتە.

خۇشۇ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى 1980-يىلدىن باشلاپ مەسچىتنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىجارىسىدىن كىرگەن 1830 يۈەندىن پايدىلىنىپ سىناق تەرىقىسىدە كارخانا قۇرۇپ، بىر مۇسۇلمان تۇزلانغان سەيلەر دۇكىنى ۋە بىر مۇسۇلمان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى قۇرۇپ چىقتى، ھازىر بۇ دۇكاننىڭ 29 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، يىللىق تىجارەت سوممىسى 500 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىلدا مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىگە ئون مىڭ يۈەن تاپشۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەسچىتنىڭ كۈندىلىك خىراجەت مەسىلىسى ھەل بولدى، بۇنىڭدىن باشقا ئىماملارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىماملارنى دىنىي ئىشلار بىلەن تېخىمۇ خاتىرجەم شۇغۇللىنىدىغان قىلدى.

مەسچىت قۇرغان كارخانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تولىسى تۇغقان ۋە دىنداش بولغانلىقتىن، كارخانىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان يولغا قويۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا خۇشۇ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈپ ۋە تىجارەتنى كۆتۈرىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئوقەتنى بارغانسېرى جانلاندۇرۇپ، پايدىنى ئاشۇردى.

(جياڭسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## ماۋېنجۈن ئاخۇنۇم مەسچىتلەرنىڭ چىقىمىنى مەسچىتلەرنىڭ كىرىمى بىلەن قامداشقا ئەھمىيەت بەردى

يۈي خۇاشۈ

ماۋېنجۈن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى جىڭيۈەن ناھىيىسى شاڭياڭشاۋ مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، 54 ياش، ئۇ ھەرتەرەپلىمە يېتىلگەن ئادەم بولۇپ، رەسىم سىزىش، ئۆي رېمونت قىلىش، خىش-كاھىش پىشۇرۇشقا ماھىر؛ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق ئىش دەپ بىلىدۇ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا ياردەم بېرىدۇ، شۇڭا كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئابرويى بار.

1986-يىلى، ماۋېنجۈن ئاخۇنۇم ناھىيىدە ئېچىلغان دىنىي خادىملار يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، مەسچىت چىقىمىنىڭ كۆپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي سېلىقى ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال تۇتۇش قىلىپ "مەسچىتنىڭ چىقىمىنى مەسچىتنىڭ كىرىمى بىلەن قامداش" مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزكەنتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزى مەبلەغ توپلاپ مەسچىتكە خۇمدان، ياڭيۈدىن كىراخمال ئىشلەش ئورنى ياساپ بەرگەندى. 1986-يىلدىن 1987-يىلى

10 ـ ئايغىچە يەتتە خۇمدان خىش پىشۇرۇپ، مەسچىتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك خىشنى هەل قىلىپ، ئېشىپ قالغان خىشنى سېتىپ 11 مىڭ 700 يۈەن كىرىم قىلدى، بۇنىڭدىن خىش پىشۇرۇش راسخوتىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن مەسچىتكە 4 مىڭ 200 نەچچە يۈەن ساپ پايدا قالدى، ياغىچۇدىن كىراخمال ئىشلەشتىنمۇ 300 نەچچە يۈەن كىرىم قىلدى.

مەسچىتنىڭ ئاساسلىق چىقىمى يېقىلغۇ راسخوتى ۋە توك راسخوتى بولۇپ، ئېيىغا يۈز يۈەندىن كۆپرەك كېتەتتى، هازىر بۇ، خىش پىشۇرۇشتىن كىرگەن كىرىمدىن چىقىم قىلىنىدىغان بولدى؛ هېيت ـ ئايەملەردىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە كېتىدىغان چىقىممۇ مەسچىت كىرىمى بىلەن هەل بولىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، 1985 ـ يىلى خانىقانى رېمونت قىلىشتا كېمىيىپ قالغان قۇرۇلۇش مەبلىغىمۇ تولدۇرۇۋېلىندى.

1985 ـ يىلى مەسچىتنى رېمونت قىلغاندا، سەككىز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلانغانىدى، ئەمەلىي لايىھە بويىچە ئىشنى كۆتۈرە بېرىشكە 25 مىڭ يۈەن كېتەتتى. ماۋېنجۇن ئاخۇنۇم مەبلەغنىڭ كەملىكىنى كۆتۈرۈپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئۆزى ياسىدى، مەسىلەن: ئۆگزىگە كېرەكلىك بېزەك ماتېرىياللىرىنى، ئۇياق ـ بۇياقتا ئادەم ئەۋەتىپمۇ هەل قىلغىلى بولمىغانىدى، زاۋۇتتا بۇيرۇتسا تۆت مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل كېتەتتى، ئۇ چىقىمنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن، زاۋۇتتا ياستىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئۆزى ياسىغانىدى، مۇشۇ ئىشتىنلا ئۈچ مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تېجەپ قېلىندى. 1987 ـ يىلى، مەسچىتتە ئۇن ئېغىز ئۆينى رېمونت قىلىپ ياسىغاندىمۇ ئاممىدىن بىرتىيىن ئىئانە ئېلىنمىدى.

مەسچىت خۇمدانچىلىق، ياغىچۇدىن كراخمال ئىشلەش ئىشىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بەزى ئىشچىلارنى قوبۇل قىلدى، ئىشچىلارنىڭ كۈنلۈك كىرىمى ئۈچ يۈەنگە يەتتى، شۇنداق قىلىپ، مەسچىت هەم ئۆز چىقىمىنى ئۆزكىرىمى بىلەن قامدىدى، هەم ئاممىمۇ كىرىم قىلدى. دېمەك ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

ماۋېنجۇن ئاخۇنۇم كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، مۇهىتنى گۈزەللەشتۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئۆزى 300 تۈپ قارىغاي كۆچىتى يېتىشتۈرۈپ مەسچىت قورۇسىغا كۆچۈرۈپ، مەسچىت قورۇسىنى گۈزەللەشتۈردى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە هەريىلى كۆچەت تىكىش مەزگىلىدە، مەسچىتتىكى خادىملارنى ۋە ئۆز تەۋەسىدىكى جامائەتنى باشلاپ ئورمان بىنا قىلىپ كەلدى. مەسچىتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەسچىتتە يەنە 20 قوي بېقىلدى.

ماۋېنجۇن "مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش" ئىشىنى ئوبدان يولغا قويۇش، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۈرلۈك سىياسەتلەرنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى دۆلەتنىڭ بىكى ۋەزىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشقا، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا پايدىسىز بولغان يامان ئادەتلەرنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىشقا يېتەكلەپ، مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆهپە قوشتى.

# يەركەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىمام تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى

يەركەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ناھىيە دائىرىسىدىكى كۆپلىگەن مەسچىتلەردە ئىمام يېتىشمەيۋاتقان، ئىماملىق قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن كېلىپ قېلىۋاتقان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1986-يىل 11-ئايدىن 1987-يىل 4-ئايغىچە 1-قارار دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، 60 نەپەر كىشىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغانىدى.

ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، 1-قارارلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقتى. يىغىندا، كۆپ ساندىكى ئىماملارنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى داۋاملىق ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىسلام جەمئىيىتى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەستىقى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، ھەرقايسى يېزا (بازار)لاردىكى مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ تاللاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 94 نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق كىشىنى تاللاپ (بۇلارنىڭ 77 نەپىرى ئىمام، 17 نەپىرى ئىماملار يېتەكلەۋاتقان تالىپ)، 2-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى. كۇرسنىڭ مۇددىتى تۆت ئاي بولۇپ، ئۈچ ئاي دىنىي بىلىم جەھەتتىن تولۇقلىما دەرس ئۆتۈلىدۇ، بىر ئاي دىنىي سىياسەت، قانۇن بىلىملىرى، پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىدىن لېكسىيە سۆزلىنىدۇ. كۇرس 1987-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنى باشلاندى، دىنىي دەرسنى يەركەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇۋەلى خەلپەت ھاجىم ئۆتمەكتە. كۇرس نورمال داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي ئىشلار باشقارمىسىدىن: ئەنۋەر تۇرسۇن

(بېشى 64-بەتتە)

ئۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن چۈشەندۈرۈش، ئىسلام تەلىماتىنى خەلققە توغرا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، «ئىسلام تەلىماتى»، «ئىسلام چۈشەنچىلىرى» ناملىق ئىككى كىتابچە تۈزۈپ، ئاممىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. ئۇ ھازىر قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەزاسى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ مىللىي تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم سابىت ھەقىقەتەن قەددىرلەشكە تېگىشلىك كىشى. 1987-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى قەشقەر ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 8-نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ، ئۇنى جىنايەتسىز دەپ ئېلان قىلىپ، نامىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ 60 يىلى ھەقىقەتەن مىللەت ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن پاك ۋە قىممەتلىك 60 يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئۈچقۇنجان ئۆمەر، قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن مۇتەللىپ سىدىق، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئوسمانجان

# دېجۇدىكى سۇلۇ شەرقىي ۋاڭىنىڭ قەبرىسى

## جاڭ ۋېنچى

شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ دېجۇ شەھرىدە جوڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋاتقان مەشھۇر بىر قەدىمكى يادىكارلىق بار، ئۇ بولسىمۇ قەدىمكى سۇلۇ دۆلىتى شەرقىي ۋاڭىنىڭ قەبرىسىدۇر. ئۇ دېجۇ شەھرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بېيىك كەنتىگە جايلاشقان. قەبرىنىڭ ئالدىدا مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىسى جۇدى ئورناتقان ئابىدە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا مىڭ سۇلالىسى يۇڭلىنىڭ 15-يىلى (مىلادى 1417-يىلى) جوڭگو بىلەن سۇلۇ دۆلىتىنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىش قىلغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن، بۇ ئابىدە جوڭگو بىلەن فىلىپپىن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ تارىخىي شاھىدىدۇر.

مۇسۇلمان سۇلۇ دۆلىتى قەدىمكى زاماندا ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كالىمانتان ئارىلى بىلەن فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۇلۇ تاقىم ئاراللىرىدا قۇرۇلغان. بادۇغ بەھرە باشچىلىق قىلىپ پۈتۈن ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سۇلۇ دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، بىر تۇغقىنى غەربىي ۋاڭ، تۇڭگۇۋاڭلارنى ۋە ئائىلە تەۋەلىرى، ياساۋۇللار بولۇپ 340 نەچچە ئادەمنى باشلاپ، يۇڭلىنىڭ 15-يىلى 8-ئايدا جوڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، بېيجىڭغا يېتىپ بارغان، مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى جۇدى ئوبدان كۈتۈۋېلىپ، سۇلۇ دۆلىتى ۋاڭى بىلەن ئۆز ئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشقان. مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىسى "كاتتا زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋېلىپ، چوڭ تامغا تەقدىم قىلىپ، ۋاڭ بېگىم قىلىپ بېكىتكەن". («سۇلۇ شەرقىي ۋاڭىنىڭ قەبرىسىگە پادىشاھ تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئابىدە»گە قارالسۇن)

سۇلۇ دۆلىتىنىڭ ئۈچ ۋاڭى بېيجىڭدا 20 نەچچە كۈن زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، مەملە-كىتىگە قايتقان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋاڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان، سۇلۇ دۆلىتى ئۆمىكى شەرقىي ۋاڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەبدەبە ۋە ئەسئەسە بىلەن چوڭ قانال ئارقىلىق جەنۇبقا مېڭىپ، كېمە شەندوڭ تەۋەسىدىكى دېجۇغا يېتىپ بارغاندا، شەرقىي ۋاڭ ئۇشتۇمتۇت قاتتىق كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن، يۇڭلىنىڭ 15-يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 3-كۈنى دېجۇ شەھرىنىڭ شىمالىغا دەپنە قىلىنغان.

پادىشاھ جۇدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ماتەم بىلدۈرۈپ، كۈتۈش مەھكىمىسىگە تەزىيە سۆزىنى ئېلىپ دېجۇغا بېرىپ، شەرقىي ۋاڭ ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆت-كۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. جوڭگونىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمى بويىچە، شەرقىي ۋاڭغا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن يەرلىك تەييارلىتىلغان، شەرقىي ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى دۇماخەن دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غەربىي ۋاڭ، تۇڭگۇۋاڭ ۋە ئائىلە تەۋەلەرنى ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتىپ، سۇلۇ دۆلىتىنىڭ ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. شەرقىي ۋاڭنىڭ خوتۇنى گېمۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى

ئوغلى ۋېنخالا، ئۈچىنچى ئوغلى ئەندۇلۇ قاتارلىق 10 نەچچە كىشى قەبرىگە قاراش ئۈچۈن جۇڭگودا قېپقالغان.

ياندۇرقى يىلى يەنى يۇڭلىنىڭ 16 ـ يىلى (مىلادى 1418 ـ يىلى) پادىشاھ جۇدى يەنە ئۆز قولى بىلەن ئابىدىگە جۇڭگو بىلەن سۇلۇ دۆلىتىنىڭ شۇ قېتىمقى دوستانە بېرىش ـ كېلىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان بېغىشلىمىنى يېزىپ بېرىپ، شەرقىي ۋاڭنى «ئىنتايىن دانا ـ زېرەك ۋە بەكمۇ ئەخلاقلىق كىشى» دەپ ماختىغان.

ئالتە يىلدىن كېيىن شەرقىي ۋاڭنىڭ خوتۇنى گېمۇنىڭ سۇلۇغا قايتقاندا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ھەدىيە قىلغان، ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە دېجوۇغا كەلگەن ۋە شۇ كەلگىنچە مەملىكىتىگە ئىككىنچى قايتمىغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ھەريىلى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئاشلىق ـ تۈلۈك ئەۋەتىپ بېرىپ، تۇرمۇشىغا ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىپ تۇرغان، يەنە شىيا، ما، چېن پەمىلىلىك ئۈچ ئۆيلۈك خۇيزۇنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، شەرقىي ۋاڭنىڭ قەبرىسىگە قاراشقا قويغان. كېيىن، شەرقىي ۋاڭنىڭ قەبرىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە بىر مەسچىتمۇ سېلىنغان.

چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادى 1731 ـ يىلى)غا كەلگەندە، سۇلۇ دۆلىتىنىڭ بۇ چاغدىكى ۋاڭى سۇلاۋدەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن دېجوۇ ـ دىكى سۇلۇلۇقلارنى جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان، تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىككىنچى شاھزادە ۋېنخالانىڭ ئىسمىدىن «ۋېن»نى، ئۈچىنچى شاھزادە ئەندۇلۇنىڭ ئىسمىدىن «ئەن»نى پەمىلە قىلىپ، دېجوۇدا جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. كېيىنكى چاغلاردا كەينى ـ كەيندىن ۋاڭ، مەن، لى، جاۋ پەمىلىلىك خۇيزۇ ئائىلىلىرى يۆتكەپ كېلىنگەن، ئۇلار ھازىرغىچە بۇ يەردە ياشاپ ـ كۆپىيىپ كەلمەكتە.

1986 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، مەن بېيجىڭ كەنتىگە بېرىپ، سۇلۇ شەرقىي ۋاڭىنىڭ قەبرىسىنى ۋە پادىشاھ تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئابىدىنى زىيارەت قىلدىم. كەنتنىڭ شەرقىدە ئېگىز بىر راۋاق بولۇپ، تاش پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئىچىگە قارىسا، مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى جۇدى تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئابىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ، مۇكەممەل ساقلانغان بۇ ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئارتۇق، كەڭلىكى بىر مېترغا يېقىن بولۇپ، ئۈستى تەرىپىگە بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، جېنى باردەكلا تۇرغان تۆت ئەجدەرھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، قاش تېشىدىن قىلىنغان بۇ ئابىدىگە پادىشاھنىڭ باسمىچە خەت بىلەن ئويۇلغان بېغىشلىمىسى شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ.

ئالدى تەرەپكە ماڭسىڭىز، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغۇزۇلغان تاش ئادەم، تاش ئات، تاش قوي قاتارلىقلارنى كۆرىسىز، غەربىي تەرىپىدە مەسچىت بار بولۇپ، 1982 ـ يىلى قايتىدىن رېمونت قىلىنغان، مەسچىت ئىچىدە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئىمام ئاخۇنۇم بار ئىكەن. شىمالىي تەرەپتە بىر پارچە قارىغايلىق بار بولۇپ، بۇ يەردە ھەدەپ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، قارىغايلار ئارىسىدا ئېگىز ۋە يۇمىلاق قىلىپ قاتۇرۇلغان قەبرە تۇرۇپتۇ، مانا بۇ سۇلۇ دۆلىتى شەرقىي ۋاڭىنىڭ قەبرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېترچە، دىئامېتىرى 14 مېتىر كېلىدىكەن، بۇ قەبرە بۇ يەردە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

شەرقىي ۋاڭنىڭ قەبرىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 100 مېتىرچە كېلىدىغان يەردە شەرقىي ۋاڭنىڭ خوتۇنى گېمۇنىڭنىڭ ۋە ئىككى شاھزادىسىنىڭ قەبرىسى بار ئىكەن، يىراقتىن قارىسا، بۇ قەبرىلەر گويا ئانا ئىككى ئوغلىنى يېتىلەپ شەرقىي ۋاڭنىڭ قەبرىسى تەرەپكە مېڭىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى يولداشنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي ۋاڭنىڭ قەبرىسى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاسرىلىدىغان نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپتۇ. ھازىر يىراق كەلگۈسى پىلانى تۈزۈلۈۋېتىپتۇ، ئۇزاققا قالماي، زىيارەتچىلەرگە ئېچىۋېتىدىكەن.

مەن يەنە سۇلۇ دۆلىتى شەرقىي ۋاڭنىڭ 16-نەۋرىسى ئەن چىڭشەننى زىيارەت قىلدىم، بوۋاي بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، مېنىڭ خۇيزۇ ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، باشقىچە سالاملىشىپ، بىزگە ئۆزقولى بىلەن چاي دەملەپ بەردى. بوۋاي ناھايىتى تېتىك ھەم ساغلام ئىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گۇاڭشۈينىڭ 26-يىلى تۇغۇلغانىكەن، بۇ يىل 87 ياشقا كىرىپتۇ، ئۇ كەنت بويىچە يېشى ئەڭ چوڭ كىشى ھېسابلىنىدىكەن. بوۋاي تامغا ئېسىپ قويۇلغان ئەينەكلىك رامكا ئىچىدىكى سۈرەتنى خۇشاللىق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: "بۇ فىلىپپىننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ھەم باشقا دوستلار بۇ كەنتكە زىيارەتكە كەلگەندە مەن بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت" دېدى. بوۋاي بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بىلدۇقكى، ئۇنىڭ قولىدا ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان شەرقىي ۋاڭنىڭ بىر سۈرىتى ۋە بىر نەسەبنامە بارئىكەن. ئىككى شاھزادە جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار بىلەن توي قىلىشىپ، پەيدىنپەي كۆپىيىپ، "ۋېن" ۋە "ئەن" پەمىلىلىك چوڭ ئائىلە-ئۇرۇغ بولۇپ شەكىللىنىپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاكا-ئۇكا ئىككى شاھزادىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئىككى پەمىلىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىنى قاتتىق چەكلەيدىكەن، شۇنىڭدەك ئۇلار ھېلىغىچە مۇسۇلمانچىلىق ئادەتلىرىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈۋېتىپتۇ.

جۇڭگو بىلەن فىلىپپىننىڭ دوستلۇقى ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلمەكتە، مىلادىنىڭ 1417-يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ھازىرغىچە توپ-توغرا 570 يىل بولدى، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى بۇ دوستلۇق تارىخىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، فىلىپپىن دۆلەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى بىلەن جۇڭگو بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسى بىرلىشىپ، «سۇلۇ دۆلىتى ۋاڭى بىلەن جۇڭگو پادىشاھى» دېگەن چوڭ تىپتىكى ھېكايە فىلىمىنى ئىشلىدى. بۇ فىلىم 1986-يىلى 3-ئايدا ئىشلەشكە باشلىنىپ، ئىككى دۆلەت كىنوچىلىرىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى بىلەن، 1987-يىل 4-ئايدا پۈتتى. فىلىمدە جۇڭگو-فىلىپپىن دوستلۇقىنىڭ 570 يىل ئىلگىرىكى تارىخىي كۆرۈنۈشلىرى نامايان قىلىنىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ كىنونىڭ ئىككى دۆلەتتە قويۇلۇشى جۇڭگو-فىلىپپىن ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدە يېڭى تەرەققىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

# سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلار

فاڭ جيەنچاڭ

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇڭگانلار دېگەندە، ئاساسەن، 1877-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 3-يىلى) شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەي يەنخۇغا ئەگىشىپ شېمىلچېيىگە سەرگەردان بولۇپ بارغان شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇلىرىنىڭ ئەۋلادى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا كۆچۈپ بارغان خۇيزۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ھازىر قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە ئولتۇرۇۋاتقان تۇڭگانلاردۇر.

تۇڭگان — سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر ئازسانلىق مىللەت.

"تۇڭگان" دېگەن سۆز رۇسچە، تۈركچە ھۆججەتلەردە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. 19-ئەسىردە بەي يەنخۇ نۇرغۇن كىشىنى باشلاپ روسىيىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، "تۇڭگان" دېگەن نام روسىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بۇ كۆچمەنلەرنىڭ خاس نامى بولۇپ قالغانىدى، بۇ نام ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئۆزلىرىنى "تۇڭگان" دەپ ئاتىمايدۇ، پەقەت باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغان چاغدىلا شۇنداق دەپ ئاتايدۇ. ئىلگىرى، ئۇلار ئۆزلىرىنى "ئوتتۇرا تۆزلەڭلىكلەر" دەپ ئاتاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەجدادى جۇڭگو خۇيزۇلىرى بىلەن بىر دەپ قاراپ، 1960-يىلى نامىنى "خۇيزۇ" دەپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان.

بەي يەنخۇ شەنشى خۇيزۇلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى 18-يىڭنىڭ سەركەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، جىڭياڭدا بىر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى مەلۇم ئەمەس، لېكىن 1882-يىلى ۋاپات بولغانلىقى، 1868-يىلى 20 نەچچە يېشىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ 1841-يىلى تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. شەنشى-گەنسۇ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، بەي يەنخۇ 1872-يىلىنىڭ ئاخىرى، 1873-يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭغا كەلگەن، كېيىن يەنە مەغلۇپ بولغاچقا، بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ روسىيە چېگرىسىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنى 13-يىلىك دەپ ئاتاپ، ئاۋال توقماققا بېرىپ، قازاقلار تۇرۇشلۇق بىر تاغ ئېغىزىغا ئورۇنلاشقان. ئۇلار 48 مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ، 48 مەسچىت سالغان.

بەي يەنخۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇھەممەت ئەيۇپ بولۇپ، بەش ئوغلى بولغان، چوڭ ئوغلى ئىمام، ئىككىنچى ئوغلى شىڭ شىڭئېر، ئۈچىنچى ئوغلى ئەيۇپ، تۆتىنچى ئوغلى سىمەي بولۇپ، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى نامەلۇم.

1933-يىلى ئەيۇپ خوتۇنىنى ۋە ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ ئىلىدىكى قەيىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا يېنىپ كەلگەن. ئۇ موللا بولۇپ، تىبابەتچىلىكنىمۇ ئىگەللىگەن، ئۇ بۇنىڭدىن 40 نەچچە يىل

بۇرۇن 63 يېشىدا ۋاپات بولغان؛ خوتۇنى 1964 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلى بەي ۋەنشى رۇسچىغا ئۇستا بولۇپ، يايمىچىلىق قىلىپ موخۇركا ساتقان، بىر نەچچە يىل بۇرۇن قان قۇسۇپ يېتىپ قالغانىكەن، يېقىنقى ئەھۋالىدىن خەۋەر يوق؛ ئىككىنچى ئوغلى جۇمە چاۋشىيەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا قېپقالغان ئۈچىنچى ئوغلى ماۋدەن مەملىكىتىمىزدىكى ئۇرۇغ - تۇغقان، ئەل - ئاغىينىلىرى بىلەن خەت ئالاقىسى قىلىشمايدۇ.

## تۇڭگانلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە تارىلىشى

بەي يەنخۇ روسىيىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، نەچچە قېتىم قوشۇن باشلاپ يېنىپ كېلىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئېلىشقان، ئەمما تۇرغان ۋاقتى ئۇزاق بولمىغان. بۇ ئارىلىقتا يەنە بەزى كىشىلەر روسىيىگە بارغان، روسىيىگە كۆچۈپ بېرىش 1881 - يىلى ۋە 1884 - يىلى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. 1926 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇڭگانلارنىڭ سانى 14 مىڭ 600 ئىدى، 1959 - يىلى 21 مىڭ 920 گە، 1970 - يىلى 38 مىڭ 644 كە، 1979 - يىلى 51 مىڭ 964 كە يەتكەن.

تۇڭگانلارنىڭ روسىيىگە كۆچۈپ بارغان دەسلەپكى چاغلاردا كۆپىيىشىنىڭ ئاستىراق بولۇشى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ تېزرەك بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، روسىيىگە كۆچۈپ بارغان دەسلەپكى چاغدا ئاياللار ئىنتايىن ئاز بولغان، ئەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى دەھشەتلىك ئۇرۇش دەستىدىن سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، كۆپچىلىكى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمىگەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇڭگانلار يات مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىشنى خالىمىغاچقا، نۇرغۇنلىرى ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشى بولمىغان، نەتىجىدە نوپۇسىنىڭ تېزرەك كۆپىيىشى تەس بولغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ كۆپ پەرزەنتنى بېقىش ئاسان بولمىغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا تۇڭگانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بارا - بارا ياخشىلىنىپ ۋە تۇراقلىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىمۇ ياخشىلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تۇغۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتى ئارقىسىدا نوپۇس ئاندىن تېز كۆپەيگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، مىنگو مەزگىلىدە، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ رايونى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش قويۇق بولغانلىقى، چېگرىدىن كىرىش - چىقىشنى باشقۇرۇش چىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى تۇڭگانلار جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇڭگانلارنىڭ نوپۇسىنىڭ تېز كۆپىيەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى.

تۇڭگانلارنىڭ تارىلىش ئەھۋالى مۇنداق: 1979 - يىلى تۇڭگانلارنىڭ 51.6 پىرسەنتى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە، 43.5 پىرسەنتى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە، قالغانلىرى باشقا رايونلارغا تارىلىپ ئولتۇراقلاشقان.

1970 - يىلى تۇڭگانلارنىڭ شەھەر ئاھالىسى 22.6 پىرسەنتنى، يېزا ئاھالىسى 77.4 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان.

## ئىسلام دىنى ۋە تۇڭگانلار

تۇڭگانلار روسىيىگە كۆچۈپ بېرىپ ئۇلتۇراقلاشقاندىن كېيىن، توختىماي مەسچىت سالدۇرغان، 1917 - يىلىدىن بۇرۇن قاراقۇندۇز رايونىدا 47 مەسچىت بولغان. تۇڭگانلارنىڭ مەسچىتلىرى جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان بولۇپ، مىخ، بولت ياكى باشقا تۆمۈر ماتېرىياللار ئىشلىتىلمىگەن.

چەت ئەللەردىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى تۇڭگانلارنى ھازىر سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە بولۇپ، فىقھە جەھەتتە ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەمەل قىلىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانچىلىقتا چىڭ بولۇشى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلار جۇڭگونىڭ قەدىمىي ئېقىمىغا مەنسۇپ، دەپ قارىماقتا. ھالبۇكى، ئەينى چاغدا بەي يەنخۇغا ئەگىشىپ روسىيىگە بارغان گەنسۇلۇقلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى جەھرىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان، يەنە بىرمۇنچىلىرى يېڭى مەزھەپكە ياكى ھەرقايسى مەزھەپلەرگە تەۋە بولغان.

تۇڭگانلار دائىم ئۆزىنىڭ قوشنا مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا ئېتىقادىنىڭ چىڭ، دىيانەتلىك بولۇشى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، يەرلىك قىرغىزلار بىلەن قازاقلار بۇرۇن كۆپىنچە كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەھكاملارنى ئادا قىلىشتا شارائىتى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. تۇڭگانلارنىڭ تولىسى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، تۇرمۇشى بىرقەدەر تۇراقلىق، مەسچىت بىلەن بولغان ئالاقىسى زىچ ئىدى، ئۇلارنىڭ موللىلىرىنىڭ دىنىي سەۋىيىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى.

ئەلۋەتتە، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ساھەسىنىڭ سىرتتىن كەلگەن بۇ كىشىلەرگە تەسىرى بولمايمۇ قالمىغان، مەسىلەن: ھازىر تۇڭگانلار ئۆز ئاخۇنلىرىنى موللا دەپ ئاتايدۇ، مانا بۇ ئاشۇنداق تەسىرلەرنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

تۇڭگانلارنىڭ موللىلىرى ئۆز قەرەلىدە كولخوزلارغا بېرىپ دىنىي پائالىيەتلەرنى، جۈملىدىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

تۇڭگانلارنىڭ ئىسىم پەملىسى كۆچۈپ بېرىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆزگەرگەن، مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئايال تۇڭگانشۇناسى پاتىمە ماگىيىۋا، تارىخشۇناسى مۇھەممەت سۇشالو قاتارلىق ئىسىم پەملە بۇنىڭ مىسالىدۇر. تۇڭگانلارنىڭ تولىسى ئەسلى "ما" پەملىلىك ئىدى، روسىيىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئەرلەر پەملىسىنى ماگىيېۋ، ئاياللار ماگىيىۋا دەپ ئۆزگەرتكەن؛ سۇ شاڭلۇمۇ پەملە بولۇپ، سۇ پەملىلىك ئاقساقال دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، شۋازى دېگەن يەنە بىر پەملە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭچە بالا دېگەن بولىدۇ.

## تۇڭگانلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى

شەنشىلىك خۇيزۇلارنىڭ ئەۋلادىنىڭ تىلى بىلەن گەنسۇلۇق خۇيزۇلارنىڭ ئەۋلادىنىڭ تىلى پەرقلىنىدۇ. تۇڭگانلار ئىچىدىكى شەنشىلىكلەر ئەۋلادى بىلەن گەنسۇلۇقلار ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغاچقا، تۇڭگانلارنىڭ تىلى ھازىرمۇ شەنشى دىيالوگى، گەنسۇ دىيالوگى دەپ ئايرىلىدۇ، گەنسۇ دىيالوگىدا خېجۇ تەلەپپۇزى ئاساس قىلىنىدۇ. گەنسۇ دىيالوگى

تۇڭگانلارنىڭ رەسمىي تىلى بولۇپ، مەكتەپ ۋە مەتبۇئات، رادىئو سىستېمىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. بىراق، بۇ ئىككى خىل دىئالوگ ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان شىمالىي رايوننىڭ رەسمىي تىلى بولغاچقا، بىر-بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ.

ئۇلار روسىيىگە بارغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئازسانلىقى موللىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز ئىدى، ئۇلار ئەسلىدە دېھقان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، ئوقۇش شارائىتى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ موللىلىرىمۇ بەزى دىنىي كىتابلارنىلا ئوقۇيالىغىنى بىلەن، خەنزۇچە سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى.

ھازىرقى تۇڭگانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى. ئۇلار رۇسچىغا ئۇستا بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇرغان تىل مۇھىتىدا ياشاۋاتقاچقا، ئەينى ۋاقىتتا قىرغىزچە، قازاقچىنىمۇ سۆزلىيەلەيدۇ، بىرمۇنچىلىرى تاتارچە، ئۆزبەكچە ياكى ئۇيغۇرچىنىمۇ سۆزلىيەلەيدۇ، تۇڭگانلار جەم بولغاندا بولسا تۇڭگانچە سۆزلىشىدۇ.

ئۇلار روسىيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىشتى، لېكىن بۇخىل يېزىقنى بىلىدىغانلار كۆپ بولمىدى. 1928-يىلى ئېغىز تىلىنى لاتىن ھەرپى بىلەن يازىدىغان بولدى، بۇنى 1953-يىلغىچە قوللاندى، لېكىن بۇنداق يېزىقنىمۇ ئوقۇيالايدىغانلار يەنىلا ئاز بولدى. 1953-يىلدىن 1955-يىلغىچە، فرۇنزىدا بىر قاتار يىغىنلار ئېچىلىپ، تۇڭگان تىلىنى يېزىپ ئىپادىلەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئاخىرى سىللىر ھەرپىنى قوللىنىش قارار قىلىندى. سىللىر 19-ئەسىردە ئۆتكەن دىنىدار بولۇپ، ئۇ ئىجاد قىلغان ھەرپ ھازىرقى زامان رۇسچە ھەرپىگە مەنبە بولغانىدى. بىراق، تۇڭگانلار بۇ يېزىقنى قوللانغاندا يەنە بەش ھەرپ قوشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇڭگانلار بۇ يېزىقتا گېزىت، دەرسلىك، لۇغەت ۋە تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەر قاتارلىقلارنى چىقارغان، بۇلار تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رۇسچىنىڭ تۇڭگان ياشلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئەڭ زور بولدى، چۈنكى رۇسچىنى ئىگەللەش كۆپلىگەن بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى ئىدى. تۇڭگانشۇناس سۇشاڭلو تۇڭگانلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا دائىر ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك رۇسچە يازغان. ئۇ شۇنداق قىلغاچقا دوكتۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان ھەمدە دۇنياغا تونۇلغان. سۇشاڭلو خەنزۇچە خەتنىمۇ چىرايلىق، ئۇسقانلىق يېزىشقا ماھىر. بۇ — تۇڭگانشۇناسلار ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى. تۇڭگانلارنىڭ تەربىيە كۆرگەنلىرى ئازدۇر-كۆپتۇر خەنزۇ يېزىقىنى بىلىدۇ.

ھازىر، تۇڭگانلار ئولتۇراقلاشقانلىقى جايلاردا بىرمۇنچە كۇتۇپخانىلار بولۇپ، بۇ كۇتۇپخانىلاردا تۇڭگان يېزىقىدىكى نۇرغۇن كىتابلار ساقلانماقتا، لېكىن كۇتۇپخانا خادىملىرى، ياشلار تۇڭگان تىلىدىكى كىتابلارغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ زارلانماقتا. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تۇڭگانلارغا بىر نەچچە سائەتلىك تۇڭگان تىلىدا ماقالە يازدۇرۇش دەرسى ئۆتۈلىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، كىشىلەر بۇ ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

تۇڭگان تىلىدىكى ئىككى خىل دىئالوگنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بار. گەنسۇ دىئالوگىدا ئۈچ خىل ئاھاڭ بولسا، شەنشى دىئالوگىدا تۆت ئاھاڭ بولغان. تۇڭگان تىلى يەنىلا خەنزۇتىلىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئەرەبچە، پارىسچە ۋە تۈركچىدىن قوبۇل قىلىنغان 300 چە سۆز بار، ئادەملەرنىڭ ئىسمىدا ئابدۇللا، رەخمان دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە "جۈمە"، "شەنبە"دېگەن ئىسىملار ۋە باشقا دىنىي ئاتالغۇلار قوللىنىلىدۇ، لېكىن رۇسچىدىن قوبۇل قىلغان سۆزلەر ھەممىدىن كۆپ. ئۇ تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدا سىرتتىن كەلگەن ئاتالغۇلار تەخمىنەن ئوندىن بىرنى ئىگەللەيدۇ؛ رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلغان ئاتالغۇلار بولسا سىرتتىن قوبۇل قىلغان ئاتالغۇلارنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## جۇڭگو غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تۇڭگانلار ئەنئەنىۋى ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرى جۇڭگو ئۇسلۇبىدا بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلار يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىمۇ جۇڭگوچە ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلمەكتە، تۇڭگانلارنىڭ ھېلىمۇ "بەسەي"، "خۇاڭگا" "لەڭپۇڭ"، "ماخۇار". "پىنتوزا"، مانتا، "موما"، "تاڭزۇڭزا"، "سىرىقئاش"، "كۇنجۇت مېيى"، "جاڭيۇ"، "زاسۈي شورپىسى" دېگەندەك ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. تۇڭگانلار لەغمەن يېيىشنى، ئاچچىق سۇ، سامساق قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنىڭ ئادىتى. ئۇلارگاڭپەنىمۇ يەيدۇ، لېكىن ئادەتتە گاڭپەن ئېتىپ مېھمان كۇتمەيدۇ. ئۇلار پىيالىدا چاي ئىچىدۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ باشقا مىللەتلەردەك چايغا سۈت ياكى شېكەر ئارىلاشتۇرمايدۇ.

تۇڭگانلار بەزىدە مېھماننى تۆت سەي بىلەن كۈتسىمۇ، لېكىن رەسمىي مېھماندارچىلىقتا ئۇزۇن شىرەگە ئۈچ رەت سەي تىزىدۇ، بۇنىڭ 9، 18، 24، 36، 48 تەخسە (چىنە) سەي تىزىدىغان بىر نەچچە خىل دەرىجىسى بار. توي مەرىكىسىدىمۇ ئاشۇنداق شەكىل قوللىنىلىدۇ، تۇڭگانلارنىڭ توي مەرىكىسى پۈتۈنلەي جۇڭگوچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## تۇڭگانلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

چار روسىيە زامانىدا، روسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنى تۇڭگانلارنىڭ ھامىسى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى، ئەينى چاغدا زوزۇڭتاڭ ئەسكەرتارتىپ روسىيىگە بېرىپ بەي يەنخۇنى تۇتماقچى بولغاندا، چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئېتىراز بىلدۈرگەن.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، بەزى تۇڭگانلارسوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشتى. تۇڭگانلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىزچىل قويۇق بولۇپ كەلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىمۇ ئاز-تولا پۇل ئاجرىتىپ تۇڭگانلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى.

تۇڭگانلار ئىلگىرى خەقنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن رەھمەت، تەشەككۈر ئېيتىش

كەيپياتىدا بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ سوۋېت خەلقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ. ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، نۇرغۇن تۇڭگانلار جەڭ مەيدانلىرىغا ئاتلىنىپ، سوۋېت ئېلىنى قوغداش يولىدا باتۇرلەرچە قۇربان بولغان.

## تۇڭگانلارنىڭ ئۆز يۇرتى بىلەن بولغان ئالاقىسى

تۇڭگانلار روسىيىگە كۆچۈپ بارغان دەسلەپكى چاغلاردا، جۇڭگودىن كەلگەنلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا "چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتلىرى" (تۇڭگانلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن جاسۇسلارنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) بولۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا بەزى يەنخۇ ۋاپات بولغاندا، "چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتلىرى"نىڭ جەسەتنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە دەپنە قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، "چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتلىرى" بەزى يەنخۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغان.

تۇڭگانلارخانىۋەيران بولغان ئەھۋالدا روسىيىگە كۆچۈپ بارغاچقا، ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىينىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن، مۇشۇ ئەسىردە بەزىلەر شىنجاڭغا يېنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شەنشى، گەنسۇلارغا قايتىپ كەلگەنلىرى بەك ئاز بولدى. 50-يىللاردا، بەزى تۇڭگانلار جۇڭگوغا ئوقۇشقا، بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن، يەنە بەزىلىرى ھۆكۈمەت نامى بىلەن زىيارەتكە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەخسى تۇغقان يوقلاشقا كەلگەنلىرى بەك ئاز بولدى. ھۆكۈمىتىمىز تۇڭگانلارئولتۇراقلاشقان رايونلارغا زىيارەت ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى، 60-يىللاردىن كېيىن بۇنداق ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى؛ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملىرى تۇڭگان ئالىملىرى بىلەن شەخسى ئالاقىدە بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭ دائىرىسى بەك تاربولدى.

## تۇڭگان ئالىملىرى

تۇڭگانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللەتشۇناسلىرى، تىلشۇناسلىرى، يازغۇچى، شائىر ۋە مۇخبىرلىرى ھەمدە دوكتۇرلىرى، دوختۇرلىرى بار؛ ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى كولخوزلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولىسى تۇڭگانلاردىن چىققان. يەنە بەزى تۇڭگان ئالىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تۇڭگان مىللىتىگە ۋە باشقا ساھەلەرگە دائىر ئىلىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارادا ئابرويىغا ئىگە تۇڭگانشۇناسى سۇشاڭلو 1924-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى پىشپېكدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1950-يىلى قىرغىزىستان پېداگوگىكا شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن. 1953-يىل 11-ئاينىڭ 4-كۈنى «19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدا بولغان تۇڭگانلار قوزغىلىڭى ۋە بەي يەنخۇنىڭ قوزغىلاڭدا ئوينىغان رولى» دېگەن ماقالە بىلەن تارىخشۇناسلىق كاندىدات دوكتۇرئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1959-يىلى بۇ ماقالە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە فرۇنزىدا

رەسمىي نەشر قىلىنغان. شۇ يىلى، ئۇ يەنە فرۇنزىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇن يىللىقى»دېگەن كىتابچىنى ۋە «شىملچىيىپ (چىغى رايونى)دىكى تۇڭگانلار (ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى تارىخ)» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. 1967-يىلى، ئۇ يەنە «سوۋېت ئىتتىپاقى تۇڭگانلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابقا «19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى»، «روسىيىگە كۆچۈپ كەلگەن تۇڭگانلار»، «تۇڭگانلارنىڭ ئۆكتەبر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىشتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى»، «چىغى رايونىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى» دېگەنگە ئوخشاش بابلارنى كىرگۈزگەن.

1964-يىلىدىن بۇيان، سۇشاڭلو قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈرك-تۇڭگانلار بۆلۈمىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى ۋە مۇدىر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ 1970-يىل 10-ئاينىڭ 16-كۈنى يەنە «تۇڭگانلار (تارىخىي مىللەتشۇناسلىققا دائىر ئەھۋاللار)» (سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەرتەتقىقاتى يۇرتى، 684 بەت، قىسقىچە مەزمۇنى 44 بەت، موسكۋا) دېگەن ماقالىنى يېزىپ تارىخشۇناس دوكتۇر دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى، كېيىنكى يىلى بۇ ماقالىنى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قىرغىزىستان شۆبىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى فرۇنزىدا رەسمىي نەشرقىلدى (305 بەت). بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ياپونىيە ۋە غەرب ئالىملىرى ماقالە يېزىپ بۇ كىتابنى تەپسىلى تونۇشتۇردى. سۇ شاڭلونىڭ ئەسەرلىرىنى جۇڭگودا كۆرۈش تەس بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەسىرى چوڭ ئەمەس.

1981-يىلى سۇشاڭلو يەنە «شەرق مەسىلىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2-سانىدا «بېيجىڭنىڭ قولىدىكى ئىسلام كارولى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

سۇشاڭلو 1942-يىلىدىن 1945-يىلغىچە ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 1953 — 1955-يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قىرغىزىستان شۆبىسىنىڭ تىل، ئەدەبىيات، تارىخ ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، 1955 — 1956-يىللاردا قىزغىزىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تۇڭگانلار مەدەنىيىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان، 1957-يىل 1-ئاينىڭ 17-كۈنى يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن، 1964-يىلى موسكۋادا چاقىرىلغان 12-قېتىملىق ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق يىغىنىغا قاتناشقان. نەچچە قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى مىدالى بىلەن تارتۇقلانغان.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان كىتابلار:

① سۇشاڭلونىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالە-ئەسەرلىرى.
② دۇمان: «بەي يەنخۇ: 1862 — 1877-يىللاردىكى تۇڭگانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەرئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن (1939. 7-سان).
③ ستاراتانوۋىچ: «سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇڭگانلار (مىللەتشۇناسلىققا دائىر ئومۇمىي مۇلاھىزە)» (كاندىدات دوكتۇرلۇق دىسسرتاتسىيىسى، 1946).

# ئۇنىڭ ئاتمىش يىلى

## — قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ تەتقىقات خادىمى، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئالىم ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم توغرىسىدا



خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆمۈربويى ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز خىزمەت قىلغان مۆتىۋەرلەر ئاز ئەمەس. بۇلار بىز ئۈچۈن ئۈلگە ۋە تەۋەررۈك. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ. لېكىن، خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يەنە بەزىلەرنىڭ نامى ئۇزاقتىن بۇيان خەلقىمىزگە ناتونۇش بولۇپ قېلىۋەردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ تەتقىقات خادىمى، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئالىم ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم سابىت ئاشۇ خىلدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 60 يىللىق ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە بېغىشلاپ، يۈزلىگەن ياش شاگىرتلارنى ئىلىم سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالدى.

ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم سابىت 1927-يىلى 5-ئايدا قەشقەر شەھىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر بىر دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا، دادىسىدىن «ھەپتىيەك» تىن دەرس ئېلىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ، توققۇز يېشىدا ھېيتگاھ جامەسىدىكى قارىخانىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ، مۇرەتتەپ قارى بولۇپ چىقىدۇ؛ ئاندىن يەنە شۇ ھېيتگاھ جامەسىدە دادىسىدىن، ساقىيە مەدرىس ۋە خانلىق مەدرىسلەردىكى ئاتاقلىق ئالىم-مۇدەررىسلەردىن دىنىي بىلىم ئېلىشقا باشلايدۇ، بۇ جەرياندا، ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەدرىسلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىدىغان كىتابلارنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئوقۇپ، ئىسلام دىنى تەلىماتى ۋە ئەقىدىسى، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنى خېلى ئوبدان ئىگەللەيدۇ، كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ يۇرۇپ ئوردۇ تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. 1952-يىلىدىن 1954-يىلىغىچە ئۇ قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى ئەلچىخانا مەسچىتىدە ئىماملىق قىلىدۇ، بۇ جەرياندا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەت ۋە ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئاكتىپ ھمايە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1956-يىلى قەشقەردىنىي ياشلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتار-

لىق مەشھۇر شەھەرلەرنى ۋە ئىچكىرىدىكى 17 ئۆلكە-رايوننى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇ، ماۋزېدۇڭ، جۇدې، جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ، ئۇلەنفۇ قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇ. بۇ تارىخىي سەپەر ياش ئىجتىھات ئىگىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىشتىن قايتىپ كېلىپلا، ئۇ ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات جامال تەرشىنىڭ «سۇراھۇللۇغەت» ناملىق كىتابىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدۇ.

1958-يىلى، ئۇ تىجارەت قىلىش مەقسىتى بىلەن لاساغا بېرىپ، ئىككى يىل تۇرۇپ قالدۇ. لېكىن "سول"چىل لۇشيەنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا "ئەكسىلئىنقىلابچى" دېگەن بەدنام چاپلىنىپ، ناھەق قولغا ئېلىنىدۇ ھەمدە لاسادىن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ تۈرمە ھاياتى باشلىنىپ، ئېغىر سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق، ئالىم ئۈچۈن ھەممە جاي ئۆگىنىش ئورنى، ھەربىر مىنۇت ئۆگىنىش پۇرسىتى بولۇۋېرىدۇ. ئۇ تۈرمىدە ياتقان مەزگىللەردە خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ، خەنزۇ تۈرمىداشلار بىلەن سۆزلىشىش، ماتېرىيال كۆرۈش ئارقىلىق، ئۆگەنگەنلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئۇ تۈرمىدە ياتقان 11 يىل جەريانىدا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىنى ۋە باشقا كىتابلارنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، يەنە خەنزۇ تۈرمىداشلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، تۆت مىڭ سۆزلۈك ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت تۈزۈپ چىقىدۇ. 1970-يىلى ئۇ تۈرمىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر خانىۋەيران بولۇپ، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىغا ئاپىرىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن، بۇيەردە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە باشقا سىياسەت-بەلگىلىمىلىرىنى توغرا شەرھلەپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئىلىم خۇددى ئالتۇنغا ئوخشايدۇ. ئالتۇن قاتمۇقات توپىغا كۆمۈلۈپ قالسىمۇ ھامان پارقىراپ تۇرىدۇ، بىلىملىك كىشىلەر ئالتۇندىنمۇ پارقىراق ۋە قىممەتلىك، ئۇنى كىشىلەر تېخىمۇ تېز بايقىيالايدۇ. ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم 1974-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا ۋاقىتلىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەرجىمە ئىشلىرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يولى يېڭىباشتىن ئېچىلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ پارس تىلىدىن «ئاپپاق خوجىنىڭ تەرجىمىھالى»، «تارىخى خەمسە»، «تارىخى ئەمىنە» قاتارلىق مۇھىم تارىخىي كىتابلارنى، شۇنىڭدەك دۇنياغا مەشھۇر ئىسلام تىببىي كىتابلىرىدىن بىر قىسمىنى، مەسىلەن، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى «قارابادىن كىبرى» (دورا-رىتسىپ نۇسخىلىرى)، «مىزانى تىب» (تىبابەتچىلىك مىزانى)، «ئىلمى تەشخىس» (دىئاگنوز قويۇش ئىلمى) قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» قاتارلىق كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ،

«ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قىسقىچە ئىلمىي نەزەرىيىسى» دېگەن دەرسلىكنى يېزىپ چىقىپ، دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كېسەللەرنى تېخىمۇ ياخشى داۋالىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئۇ تىبابەتچىلىك ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 1987- يىل 5- ئايدا چاقىرغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئۇ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرتىبابىتى ۋە ئىسلام تىبابىتىدىكى جەرراھلىق» دېگەن ماقالە يىغىن ئەھلى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 2-، 3- تومىنى ئىشلەش، «تارىخىي رەشىدىيە»نىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، مازىرىنى ئېنىقلاپ بېكىتىش، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى»، «قەشقەر تەزكىرىسى» قاتارلىقلارنى تۈزۈش ئىشلىرىغىمۇ قاتنىشىپ، مۇھىم رول ئوينىدى. ياشلارنىڭ ئەرەب تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قەشقەر شەھەرلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە قەشقەرسىفەن شۆيۈەنى پەن تەتقىقاتى باشقارمىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان «ئەرەب تىلى ئاساسلىرى» دېگەن ئىككى قىسىملىق كىتابنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. ئۇ يېقىندىن بۇيان، ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، 30 مىڭ سۆزلۈك «ئوردۇچە- ئۇيغۇرچە ئومۇمىي لۇغەت»نى تۈزۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم سابىت ئىختىساسلىق چەت ئەل تىلى تەرجىمانى، تەتقىقاتچى بولۇش بىلەنلا قالماي، ھارماس باغۋەن بولۇشقىمۇ مۇناسىپ، ئۇ 1980- يىلى ئۇيغۇرتىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئاساس قىلىپ، قەشقەر تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق پارس تىلى كۇرسىنى ئېچىپ، 35 نەپەر ئوقۇغۇچىغا پارس تىلىدىن، يەنە شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتىپىدە ئېچىلغان ئىككىنچى قارارلىق ئەرەب تىلى كۇرسىدىكى 40 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئەرەب تىلىدىن، قەشقەر سەمەن مېھمانخانىسىدا ئېچىلغان ئوردۇ تىلى كۇرسىدىكى 40 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئوردۇ تىلىدىن دەرس ئۆتتى، 1983- يىلىدىن 1985- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇ ھەج قىلىش ۋە تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستانلارغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان سۆز- ئاتالغۇلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تىل بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پاكىستاندا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر تالىپلارنىڭ ئوردۇ تىلىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بەردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە لاھوردىكى "مەنسۇرىيە ئىنتېرناتسىئونال ئوتتۇرا مەكتىپى"دىكى فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، سىنگاپور، مالدىۋى، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوردۇ تىلىنى ۋاستە قىلىپ تۈزۈپ، قىرائەتتىن دەرس ئۆتۈپ بەردى .1985- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ، ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم سابىت قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا

سىنىپىغا داۋاملىق تۈردە ئەرەب تىلى مور-فولوگىيىسى، گراممانتكىسى ۋە سۆزلىشىش مەشىقىدىن دەرس ئۆتۈپ كەلدى؛ قەشقەر تىببىي تېخنىكوم مىللىي تىبابەتچىلىك كەسپى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ئۇيغۇر تىبابەت-چىلىك شىپاخانىسىدا ئېچىلغان بىرسىنىپقا ئور-دۇ تىلىدىن دەرس بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. دەرس ئۆتۈش جەريانىدا، ئۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىپ سېتىۋېلىپ، دەرسلىكنى ئەمە-لىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ تۈزۈپ چىقىپ، ماتېرىيال كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى تىرىشىپ ھەل قىلدى .ئۇ ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممىسى ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جەمئىيەتتە مەلۇم تەسىرگە ئىگە كىشىلەردىن بولۇپ قالدى . ئەرەب تىلى ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆزلىرى مۇستەقىل ھالدا «ئەرەب تىلى ئاساسلىرى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، مىخ مەتبەئەدە باستۇردى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى-دىن بىر ئوقۇغۇچى «ئوردۇ تىلى» دېگەن دەرسلىكنى تۈزۈپ چىقىپ باسمىغا تاپشۇردى.

ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم سابىت خەلقىمىز-نىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياراملىق خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، قەشقەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن بىرنەچچە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن بىرلىكتە قەشقەر شەھىرىدىكى كەڭ ئاممىنى جۇملىدىن تىجارەتچىلەرنى ئىختىيارىي يوسۇندا پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مەبلەغ توپلاپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى تىل مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، 1400 يۈەن نەق پۇل تەقدىم قىلدى. ئۇ زاكاتنى مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى قۇرئان، ھەدىس بويىچە شەرھلەپ، مەسچىتلەردە ۋە ھەرقايسى جامائەت سورۇنلىرىدا ئىسلام ئەقە-دىلىرىنى ئەينەن تەشۋىق قىلىپ، مەكتەپ ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ يۈزلىنىش ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسەت، قانۇن ۋە پەن-تېخنىكا بىلەن ھەرگىز زىت ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدىغان-لىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان-لىقىنى، ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىتتىپاقلىق جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان-لىقىنى تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئارقى-لىق، يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزئالدىغا پەتىۋا چىقىرىپ، دىن بىلەن پەننى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان، دىن بىلەن مىللىي ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇ-ۋېتىدىغان، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، نەزرە-چىراقلاردا ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان ياكى باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرى-تىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە رەددىيە بەردى. ئۇ ئۆزى ھەريىلى مەسچىت نامىغا كېلىدىغان بارلىق كىرىمنى مەسچىتكە تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ.

(داۋامى 50-بەتتە)




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
مەسلىھەتچىسى جاڭ جيې 1987 ـ
يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاللانىڭ
دەرگاھىغا كەتتى. سۈرەتتە: جۇڭگو
ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ
ئوقۇغۇچىلىرى مەرھۇمنىڭ جەسىدى
بىلەن ۋىدالاشماقتا.



مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
زالىدىن جىنازىنى ئېلىپ چىقماقتا
(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۈي
كەيفېڭ تارتقان)



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شۈبېي
ئاخۇنۇم مەرھۇمنىڭ نامىزىنى
چۈشۈردى.

中国穆斯林(维吾尔文版)1988年第2期（总31期） جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1988 - يىل 2 - سان

出版：中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号
نەشىر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۇۋ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا)

印刷：民族印刷厂
制版：北京市制版厂
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

订购发行：北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۇۋ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا)

国内统一刊号：CN 11—1346 ·公开发行· 每册定价：0.50元